سابىت ئۇيغۇرى

# ھايات ناخشىلىرى

(تاللانغان شېئىرلار، باللادىلار، داستانلار)

1999 ـ يىل، ئالمۇتا



سابىت ئۇيغۇرىي

تارىخ بىزگە ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن، ھازىرقى ئەۋلاتقا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە يوق. ئۇيغۇرستانىنىڭ قاچان ئازات بولۇشى- تارىخى شەرت - شارايىتلارغا باغلىق بىراق، مۇشۇ مەخسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشاش — ئۇلۇق بەخت — سائادەتدۇر.

سابىت ئۇيغۇرى.

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

# مۇئەللىپتىن

**ھۆرمەتلىك كىتاپخان!**

شېئىرىيەت بېغىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن ئىلگىرى،سىزگە قولىڭىزدىكى كىتاپ ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

مەن ـ سابىت ئابدۇراخمان ئوغلى ( ئۇيغۇرىي) 1928 ـ يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا قۇيۇلىدىغان، چىلەك دەرياسى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرىسى ـ قاراتورۇق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئىكەنمەن.

تارىختا «يەتتىسۇ» دەپ ئاتالغان بۇ ديار ئەسلىدە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەۋەسى بولۇپ،بىر زامانلاردا بۇ يەردە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ياشىغان ۋە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئەڭ كېيىنكى تارىختىن ئېيتساق: مېنىڭ بوۋام ـ مەمەتتوختى يۈزبېگى 1881 ـ يىلدىكى كۆچ ـ كۆچتە غۇلجىنىڭ چاپچال ناھىيەسى، كىچىك بۇغرا يېزىسىدىن ئۆز جامائىتىنى باشلاپ كۆچۈپ چىقىپ، قاراتورۇق سېيىنىڭ ئېغىزىدا ژۇقارقى قاراتورۇق يېزىسىنى بىنا قىلغان. يەتتىسۇدا بۇنداق يېزىلار يۈزلەپ سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزەمنى ئۇيغۇرستاندا تۇغۇلدۇم دەپ ھېساپلايمەن.

مەن تۇغۇلغاندا، بىزنىڭ ئائىلىمىز ھاللىق دېخان بولغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجتىمائى، سىياسىي تەقىبىگە ئۇچراپ، كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان مىڭلىغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى قاتارىدا 1931 ـ يىلى يەتتىسۇنى تەرك ئېتىپ، ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىگە بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قىرانلىق دەۋرىم ئاساسەن غۇلجا شەھرىدە ئۆتتى. مەن ئۇيغۇرستاندا توپ ـ توغرا يېرىم ئەسىر ياشىغاندىن كېيىن، يەنە شۇ ئىجتىمائى، سىياسىي سىقىلىشلار سەۋەبىدىن قەدىردانە غۇلجا شەھرىنى تاشلاپ، تۇغۇلغان يۇرتۇم يەتتىسۇغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن غۇلجىدا 7 يىللىق مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىلى گىمنازىيەسىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. كېيىن بولسا شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا تەھسىل كۆردۈم.

مېنىڭ ئەمگەك پائالىيتىم 1944 ـ يىلى ئىلى گىمنازىيەسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن باشلاندى. شۇندىن كېيىن تاكى 1958 ـ يىلىنىڭ ئېيۇنىغىچە: 7 يىللىق «شەرق» ۋە «روشەن» مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم، «ئازات شەرقىي تۈركستان» گېزىتى تەھرىراتىدا جاۋاپكەر كوررىكتور، ھەربى مەكتەپتە كۇرسانت، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا كاتىپ، سىياسىي بۆلۈم خادىمى، ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتۈپىدە تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدۇم.

مەن ئۇيغۇرستاندا ياشىغان دەۋر ـ ئەسىرلەر بويى ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلاۋى كۈرەشلىرى راسا ئەۋج ئالغان دەۋر ئېدى. بۇ دەۋردە مەن 3 ئىنقىلاپنىڭ گۇۋاچىسى ھەم قاتناشچىسى بولدۇم. ( 1931 ـ 1933 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپ: 1944 ـ 1949 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپ ھەم 1967 ـ 1970 ـ يىللاردىكى يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىنقىلاپ) ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك ئېقىمى مېنىمۇ ئۆز قوينىغا ئەپكىرىپ كەتتى.زاماندashلىرىم بىلەن بىللە مەنمۇ ئىنقىلاپقا قاتناشتىم. ئىنقىلاۋى ئارمىيە سېپىدە، ھەم جەڭچى ھەم تەشۋىقاتچى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى بىر شېئىرىمدا مۇنداق دەپ يازغان ئېدىم:

**ئىنقىلاپ سېپىدە كۆتىرىپ ئەلەم،**<br>
**كۈرەشكە كىردىم مەن، دوستلىرىم بىلەن.**<br>
**بۇ جەڭدە غالىپ چىقىش ئۈچۈن دۈشمەندىن،**<br>
**بىر قولغا قۇرال ئالدىم، بىر قولغا قەلەم!**

مەن ئەدەبىيات مەيدانىغا ئەتىگەن قەدەم تاشلىدىم. 15 يېشىمدىن باشلاپ گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزىقتىم. ئىشتىياق بىلەن شېئىرلارنى يادقا ئالاتتىم؛ ھەۋەس بىلەن شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلاتتىم؛ كىتاپلارنى ئىزدەپ تېپىپ، تەشنالىق بىلەن ئوقاتتىم. كۆڭلۈمگە ياققان شېئىرلارنى كۆچۈرىۋالاتتىم.

مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىم: 1944 - يىلدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب بىلەن بىللە باشلاندى. 1945 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ، «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى سەھىپىسىدە شېئىرلىرىم چىقىشقا باشلىدى. كېيىن بولسا، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا چىقىدىغان بولدى. دېمەك، ماڭا ئىلھامنى - ئىنقىلاب بەرگەن، قەلەمنى - خەلقىم تۇتقازغان! شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىم بەرگەن قۇتلۇق قەلەمنى ئۆمۈر بويى تاشلىماي كېلىۋاتىمەن! ھازىر ئويلىسام، قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمغا يېرىم ئەسىر بوپتۇ. ئىجادىيەت ئادىمى ئۈچۈن بۇ - ئاز ۋاقىت ئەمەس. موشۇنچىلىك ۋاقىتتا، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزنىسىگە بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان ئەدىپلەر ئاز ئەمەس. ئەپسۇسكى، كاژ تەغدىر مۇنداق بەختنى بىزگە نېسىپ قىلمىدى. بىز دۇنيادىكى ئەڭ ياۋۇز مۇستەملىكىچىنىڭ قولى بولۇپ ياشىدۇق.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرستاندىكى مىللىي زۇلۇمى شۇنچىلىك ئېغىر بولدىكى، بۇ جەمئىيەتتە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەلقىنىڭ دەردىنى كۈيلەپ شېئىر يېزىش - جىنايەت ھېساپلىناتتى. ھەقىقەتنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلغان تىل كېسىلەتتى. ھەقىقەتنى يېزىشقا جۈرئەت قىلغان قولغا كويزا سېلىناتتى. ئەركىنلىك ئىزدىگەنلەر زىندانغا تاشلىناتتى. مۇقەددەس غايە ئېگىلىرىنىڭ بېشى كېسىلەتتى! مېنىڭ راسا ئىجات قىلىدىغان جۇشقۇن ياشلىق، قىرانلىق دەۋرىم ئەينە شۇنداق رەھىمسىز شارائىتقا دۇچ كەلدى! ئىنقىلاۋى تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىم ۋە ئىنقىلاۋى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىم ئۈچۈن خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۆرت قېتىم تۈرمىگە سولاندىم. جەمى: 20 يىلدىن ئوشۇق ھاياتىم خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا - دوزاق ئازاۋى ئىچىدە ئۆتتى. خىتاي تۈرمىسىدە، مەھبۇسلارغا ئوقۇشقا ۋە يېزىشقا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پات - پات كامېردىن ئالقانچىلىك قەغەز ياكى چىمەلتەكچىلىك قېرىنداش چىقىپ قالسا، مەھبۇسلارنى رەھىمسىز ئۇرۇپ ئازاپلايدۇ! ئومۇمەن خىتاي تۈرمىسىدە شېئىر يېزىش، ئۇنى ساقلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئاشۇ دوزاق ئىچىدە تۇرۇپ، بەزى شېئىرلارنى يېزىشقا ۋە ئۇنى يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىشقا مۇۋاپپەق بولدۇم. قەغەز - قەلەم بولمىسا - خىيال ئەينىكىگە يازدىم؛ قولدا ساقلاشقا مۇمكىن بولمىسا - يادقا ئېلىپ، خاتىرەمدە ساقلىدىم! ياكى ئىشەنچلىك تۈرمىداشلىرىمغا ياد ئالدۇردۇم... مۇنداق ئۇسۇل بىلەن كۆپىرەك يېزىش ياكى چوڭراق ئەسەرلەرنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. شۇڭا مېنىڭ 20 يىللىق تۈرمە ھاياتىمدا ياراتقان ئەسەرلىرىم ئازىراق. مېنىڭ خەلقىم بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىدۇ ۋە مېنى كەچۈرىدۇ - دەپ ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي زىندانلىرىدا، يۈرەك قانلىرىمنى سەرىپ قىلىپ، يازغان شېئىرلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىقىدىغان ۋاقتىمدا گۈندىپايلار تارتىۋېلىپ، كۆيدۈرىۋەتتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەغەزگە چۈشىرىۋالغان قولىيازمىلىرىمنى بولسا، قازاقىستانغا قايتقان ۋاقتىمدا خىتاي چېگارىچىلىرى ئېلىپ قالدى! بۇ توپلامغا كىرگەن شېئىرلار - پەقەت قازاقىستان تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، خاتىرىمدە قالغان شېئىرلارنى قايتا ئەسلەپ قەغەزگە چۈشۈرىۋالغانلاردىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توپلامغا كىرگەن شېئىرلار سان جەھەتتە ئانچە كۆپ ئەمەس.

ۋۇقۇرىدا تەكىتلىگىنىمدەك، مەن ياشىغان، كۈرەشكەن، ئىجات قىلغان دەۋىر: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان بىر دەۋىر ئىدى. مەن ئاشۇ كۈرەشنىڭ بىر جەڭچىسى ئىدىم. شۇڭا مەن ئۆز شېئىرلىرىمدا بەختسىز خەلقىمنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى كۈيلىدىم. خەلقىم ئازات، ۋەتىنىم مۇستەقىل بولىدىغان كۈنلەرنىڭ تېزىرەك يېتىپ كېلىشىنى ئارمان قىلدىم. ئاشۇ گۈزەل، ھۆر كېلەچەككە تەلپۈندۈم! قىسقىسى، مېنىڭ ئارزۇيۇم - پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسى؛ مېنىڭ ئاۋازىم - ۋەتىنىمنىڭ ئاۋازى بولدى. ئۆزەم ئۇيغۇر پەرزەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر شائىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزەمنىڭ تەغدىرىنى جانجان خەلقىمنىڭ تەغدىرى بىلەن باغلىدىم. خەلقىمدىن باشقىچە ياشاشنى خالىمىدىم. قولۇمدىن كەلگەن خىزمىتىمنى ئايىمىدىم. موشۇ ئېقىدەم بەدىلىگە خەلقىم مېنى ئۇيغۇرنىڭ بىر ئوغلى - سابىت ئۇيغۇرىي - دەپ ئاتىسىلا بەس ماڭا شۇ ئىلتىپات يېتىدۇ!

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

مەن يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت دەۋرىمدە يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرىمنى يىغىپ، قولىڭىزدىكى موشۇ كىتاپنى تۈزۈپ چىقتىم. ھاياتىمنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ كىتاۋىمغا «ھايات ناخشىلىرى» دەپ نام قويدۇم.

مەن ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان موشۇ 50 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 3 خىل دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى:

1) قۇراللىق ئىنقىلاۋىي كۈرەش دەۋرى: (بۇ، 1944 - 1949 - يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) 1944 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىن باشلانغان مۇقەددەس مىللىي ئازاتلىق كۈرەش تاغنى تالقان قىلىدىغان قۇدرەت، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 3 ۋىلايەتنى ئازات قىلدى. قەھرىمان مىللىي ئارمىيەمىز دۈشمەننى سۈر توقاي قىلىپ، يېڭىدىن يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، شىمالدا - ئۈرۈمچى بوسۇغىسىغا، جەنۇپتا ئاقسۇ، قەشقەر شەھەرلىرىگە يېتىپ بارغان ئىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ تەلتۆكۈس ئازات بولۇشىغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغان ئىدى. ئىنقىلاپنىڭ بېرىشىدا كېڭەش ئىتتىپاقى دەپ ئاتالغان رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى بىلەن قۇراللىق كۈرەش يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلغان بولسىمۇ سىياسىي كۈرەش يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىتىمىز زور ئىدى. چۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمىدا بولسىمۇ ئازاتلىق تېڭى ئاتقان ئىدى. مەن ئاشۇ يالقۇنلۇق كۈرەش سېپىدىكى بىر جەڭچى ئىدىم شۇنى ئىپادىلەپ «ئۇچقۇن» دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. قىسقىسى، ئىنقىلاۋىي كۈرەش موشۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەم موشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ دەۋردە يېزىلغان شېئىرلىرىمنى «كۈرەش ناخشىسى» دەپ ئاتاپ كىتاۋىمنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىگە كىرگۈزدۈم.

2) «ئازاتلىق» دەپ ئاتالغان، ساختا، يالغان ئازاتلىق دەۋرى. (بۇ 1950 - 1957 - يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ، كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە، 1945 - يىلى كۈزدىلا ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى ئازات بولۇپ بولغان ئىدى (كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ توسقۇنلۇقى بولمىغان تەغدىردە شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتىنىمىز پۈتۈنلەي ئازات بولۇپ كېتەر ئىدى!) كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئۈنۈملۈك ماسلىشىشىدىن پايدىلانغان، خىتاي كوممۇنىستلىرى جاھانگىرلىك ھىيلە - مىكرىنى ئىشقا سېلىپ: - «بىز شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ، سىلەرنى ئازات قىلغىلى كەلدۇق... خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۆتمۈشتە سىلەرنى كۆپ ئەزگەن، بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قەرىزدار، ئەشۇ قەرزىمىزنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز - دېگەندەك يالغان سوزلەر بىلەن خەلقىمىزنى ئالداپ، 1949-يىلنىڭ ئاخىرىدا، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستانغا كىرىپ ئورۇنلىشىۋالدى. ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشەنگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تەنتەنىلىك ئۇردە قارشى ئالغان، ئازات 3 ۋىلايەتكە كىرىشىگە يول قويغان ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆز مەۋقەلىرىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ھاكىمىيەتنى كەمبەغەللەرگە ئېلىپ بېرىش، دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەتكە خەلق تاللىغان كىشىلەرنى سايلاش، يېزىلاردا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، يەر ئىسلاھاتى ۋۇرگۈزۈش، ئاياللارنى ئازات قىلىش، ياشلارنى ئوقۇتۇپ، مۇتەخەسسىس كادىرلارنى تەييارلاش، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى ... دېگەندەك، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلغان ئىدى. موشۇ خىلدىكى چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنى ئالداپ ئۇلارنىڭ ئاڭىدا ساختا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلدى. گويا، قاراڭغۇ ئۆلكىدە تاڭ ئېتىۋاتقاندەك، ھەممە ئىش ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. بۇ ساختا تۇيغۇدىن مەنمۇ خالىي بولالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەمنى ئاشۇ تاڭنىڭ جارچىسى دەپ ھېساپلاپ «چولپان» دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. قىسقىسى، موشۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ساختا «تاڭ» تۇيغۇسى شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي روھى ھەم شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ دەۋردە يېزىلغان شېئىرلىرىمنى «تاڭ ناخشىسى» دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىگە كىرگۈزدۈم. «ياشلىق كوچىسىدا مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆتمىگەن كىم بار؟» - مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ياشلىق دەۋرىمدە، مۇھەببەت تېمىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ، يارغا مېھرۇ - مۇھەببەت، سۆيگۈگە ساداقەت، ھىجران ئازاۋى، ۋىسال ئۈمىدى تۇيغۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان لىرىك شېئىرلارنى يازغان ئىدىم. بۇ شېئىرلار يالقۇنجاپ تۇرغان ياشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن «كۆڭۈل كۈيلىرى» دەپ ئاتاپ، ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بەردىم. بۇ شېئىرلارنى نوقۇل ھالدا، يارغا يېزىلغان مەكتۇپلار دەپ چۈشەنمەستىن، ۋەتەنگە ۋە ئۇنىڭ ئازاتلىقىغا

بولغان تەشنالىقنىڭ پوئېزىيە ئارقىلىق لىرىك ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشىنىش كېرەك – ئەلۋەتتە!

3 ) قۇللۇق – ئاسارەت دەۋرى. ( بۇ، 1958 – دىن كېيىنكى يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) ئاخىر كېلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ياۋۇزلۇق قارا قىياپىتى ئاشكارە بولدى. ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى مۇستەملىكە مىللەتلەرنى خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، دۇنيادىن يوقىتىۋېتىشنى، مەملىكەتنىڭ سىرتىدىكى خوشنا ئەللەرگە تېجاۋۇزلۇق قىلىپ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشنى مەخسەت قىلغان جاھانگىرلىك سىياستىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرستاندا، بىزنىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈلگەن مىللىي زۇلۇم ناھايىتى ئېغىر بولدى. بۇ زۇلۇمغا بوي سۇنمىغان ئىسيانكارلارنى قاراكىغۇ تۈرمىلەرگە تاشلىدى؛ خىلمۇ – خىل ئۇسۇللار بىلەن كەستى، ئاتتى ۋە قىيناپ ئۆلتەردى. خەلقىمىز ئۈمىت قىلغان ئازاتلىقنىڭ ئورنىغا – قۇللۇق، مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئورنىغا – مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە، دېموكراتىيەنىڭ ئورنىغا – دىكتاتورا ئورۇن ئالدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە ئۇيغۇرستاننىڭ شەھەر – يېزىلىرىدا نەچچە مىڭلىغان تۈرمىلەر، يەر ئاستى زىندانلىرى، مەخسۇس قىيناقخانىلار ۋە تۈتۈپ تۇرۇش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن ئۆلكە – غايەت زور تۈرمىگە ئايلاندى! يورۇق دۇنيانىڭ دوزىخى دەپ ئاتالغان ئەينە شۇ ئورۇنلاردا يۈزمىڭلىغان بېگۇنا قېرىنداشلىرىمىز ئازاپ چەكتى. شۇلارنىڭ قاتارىدا مەن ئۆزەممۇ 20 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدە، ئەمگەك لاگىرلىرىدا ھەم خاڭلىرىدا ئازاپ چەكتىم.

جانجان خەلقىمنىڭ پاجىئەلىك تەغدىرىگە ئېچىنىش، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئارمان قىلىش، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش، ئەزگۈچى زالىملارغا نەپرەتلىنىش – پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئورتاق ھىسسىياتى ئىدى. جەمىيەتتىكى مەزلۇم خەلقىنىڭ ئاھۇ – زارلىرى، تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ نالە – پەرياتلىرى ھەممىلا جايدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قايغۇ – ئەلەم، قاتتىق ئىزتىراپ، ئازاتلىققا بولغان تەشنالىق – شۇ دەۋىر ئادەملىرىنىڭ روھى كەيپىياتىدا مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. قىسقىسى، قۇللۇق – ئاسارەت ۋە ئۇنىڭغا قارشى كەيپىيات – شۇ دەۋىر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ دەۋىردە يېزىلغان شېئىرلىرىمنى «زىندان ناخشىسى» دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمنىڭ 3 – بۆلۈمىگە كىرگۈزدۈم.

4 ) مەن خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئاخىرقى قېتىم، 1980 – يىلى ئاپرېلدا بوشىنىپ چىقتىم. مېنىڭ ئالدىمدا: ئەندى قەيەردە ياشاپ، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك؟، – دېگەن مەسىلە تۇراتتى. مەلۇمكى، مېنىڭ ھاياتىم – ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىغا بېغىشلانغان ھايات! مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق شان – شەرەپلىك ھېچنىمە يوق! ئۇنداق بولمىغاندا، مەن ئۆز ھاياتىمنى مەنىسىز ھايات – دەپ ھېساپلار ئىدىم. مەن تۈرمىدىن بوشىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرستاننىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ خەلقىم ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇخراسى بولغانلىغىمىدىن پايدىلىنىپ، 1981 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت قازاقستانىغا كۆچۈپ چىقتىم. مەن قازاق ئېلىگە چىقسام، ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن بىر ئىش قىلغىلى بولار دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەملىيەتتە، قازاق ئېلىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇنداق ئىش قىلىش مۇمكىن بولمىدى. شۇنداقتىمۇ، خىتاينىڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى ئۇيغۇرستانغا قارىغاندا ئۆزەمنى بىر قەدەر ئەركىن ھىس قىلدىم. ئەركىن دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ئىللىق تۇيغۇلار ئىلكىدە بولدۇم. بۇ تۇيغۇلار «قازاق ئېلىمگە سالام!»، «قازاقستان مېنىڭ ئۆز ئېلىم» قاتارلىق شېئىرلىرىمدا ئىپادىسىنى تاپتى. بىراق، قانچە دېگەن بىلەن ئۆز ئېلىڭگە يەتمەيدىكەن. مەن قازاقستاندا ئىجات قىلىش ئەركىنلىگىگە ئېگە بولغان بىلەن روھەن ئازات بولالمىدىم، ئۆز ۋەتىنىم ئۇيغۇرستاننى سېغىنىپ ياشىدىم. بۇ سېغىنىش ھىسسىياتى كۈچىيىپ، ھېجران دەردىگە ئايلاندى. مېنىڭ ئون يىل بويى يازغان شېئىرلىرىمدا ھېجران دەردى ئىپادىلىنىپ تۇردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن 1982 – يىلدىن 1992 – يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە يازغان شېئىرلىرمنى يىغىپ «ھېجران ناخشىسى» دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمنىڭ 4 – بۆلۈمىگە كىرگۈزدۈم.

بەختكە يارىشا، كېيىنكى يىللاردا سوۋېت ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ، قېرىنداش خەلقلەر مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشتى. بۇ ياش دۆلەتلەر تەرەققىياتىنىڭ دېموكراتىك يولىنى تاللاۋې-

لىپ، ئىشەشلىك قەدەملەر بىلەن ئالغا ماڭماقتا. شۇنىڭ شارائىتىدىن پۈخرالار دېموكراتىك ئەر-
كىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىككە ئېگە
بولىشى- ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ يېڭى ئۇپۇقلارنى ئېچىپ بەردى. قېرىنداش
دۆلەتلەرنىڭ زەمىندە تۇرۇپ، ئۇلاردىكى دېموكراتىك ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىز
ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مۇمكىن بولدى.

موشۇنداق شارائىتتا، بىز - ئالمۇتا شەھرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بىر گۇرۇھ ئۇيغۇر ۋە-
تەنپەرۋەرلىرى بىرلىشىپ، «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نى قۇرۇپ چىقتۇق. ۋەتىنى-
مىزنىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن بولغان كۈرەش تىنچ سىياسىي ئۇسۇللار بىلەن داۋام قىلىۋاتى-
دۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ مۇقەددەس كۈرەش، تاكى ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولغانغا قەدەر داۋام
قىلىدۇ! مەن پەقەت موشۇ كۈرەش ئىچىدىلا ئۆزەمنى ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم! بىز-
ئىنقىلاپچىلار، خەلقىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىگىگە ئىشەنگەن ھالدا ئىستىقلالغا تەلپۈنگەن ھال-
دا، كۈرەش قىلىۋاتىمىز. مېنىڭ كېيىنكى ژىللاردا يازغان شېئىرلىرىمغا موشۇ ئىنقىلاۋىي ئۈمىت-
ۋارلىق، روھى سىڭگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن موشۇ دەۋىردە يېزىلغان شېئىرلىرىمنى ژىغىپ
«ئىستىقلال ناخشىسى» دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمنىڭ 5 - بۆلۈمىگە كىرگۈزدۈم.

مەن ئۆزەمنىڭ ئەدىبى ئىجادىيەت دەۋرىمدە، ئىخچام شەكىل، چوڭقۇر پىكىرگە ئېگە بول-
غان رۇبائىلارنى ۋە پارچىلارنىمۇ يازغان ئېدىم. بۇ رۇبائىلار ئاساسەن، بايي تەجرىبىگە، چوڭ-
قۇر فىلوسوپىك پىكىرلەرگە ئېگە قېرىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىغى ئۈچۈن «تەپەككۇر
دۇردانىلىرى» دەپ ئاتاپ 5 - بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بەردىم.

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى : «ھايات ناخشىلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ كىتاۋىمغا كىرگەن شېئىرى
ئەسەرلىرىم ئۆزىنىڭ يېزىلغان دەۋرى ۋە روھى مەزمۇنى بويىچە رەتلىنىپ، 5 ئاساسىي قى-
سىمغا بۆلۈپ بېرىلدى. ( 2 قوشۇمچىسى بىلەن جەمى 7 بۆلۈم) شۇڭا «ھايات ناخشىلىرى»
توپلىمى 7 يۇلتۇزدىن تەركىپ تاپقان «ئۈكەر»گە ئوخشايدۇ. «ئۈكەر»نى بۆلۈۋېتىش مۇمكىن
بولمىغاندەك، بۇ توپلامنىمۇ بۆلۈۋەتكىلى بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان، بايقاپ قارىسىڭىز، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش - مېنىڭ 50 ژىللىق ئى-
جادىيتىمنىڭ باش تېمىسى بولغانلىغىنى كۆرەلەيسىز. مېنىڭچە، تارىخ بىزگە ۋەتەنىمىزنىڭ مۇستە-
قىللىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ژۈكلىگەن. بىز - موشۇ ئەۋلاتقا بۇنىڭدىنمۇ ئار -
تۇق، شان شەرەپلىك ۋەزىپە يوق. ئۇيغۇرىستاننىڭ قاچان ئازات بولىشى - ئىچكى ۋە تاشقى
شارائىتلارنىڭ ھازىرلىنىشىغا باغلىق. بىراق، موشۇ ئالىجاناپ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ يا-
شاش ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەندىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى! بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ، موشۇ مەخ-
سەتكە خىزمەت قىلىشى كېرەك. بۇ - ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋى ئەدە -
بىياتنى پەرىقلەندۈرىدىغان سىياسىي مىزاندۇر.

شۇنى ئەكىتلەيمەنكى، بۇ توپلام مېنىڭ ھاياتىمدا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرىمنىڭ ھەممى-
سى ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان دەۋرىدە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىم-
نىڭ كۆپ قىسمىنى تاپالمىدىم: خىتاي تۈرمىسىدە ژۈرەك قانلىرىمنى سەرىپ قىلىپ يازغان
شېئىرلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى گۇندىپايلار تارتىۋېلىپ كۆيدۈرۋەتكەن. تۈرمىداشلار يادقا ئې-
لىپ ساقلىغان شېئىرلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى قولۇمغا قايتىپ كەلمىدى! بۇ قېتىم رەتلىگەن
ۋاقتىمدا، مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شېئىرلاردىن بىر - ئىككىسىنى تاللاپ
ئېلىپ، باشقىلىرىنى چىقىرىۋەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توپلام، مېنىڭ شېئىرىي ئىجادىيتىم-
نىڭ ھەممىسى ئەمەس. بىر قىسمى، يەنى تاللانما شېئىرلاردۇر.


ئەندى، «ئۇيغۇرىي» دېگەن تەخەللۇسنى قانداق قوبۇل قىلغانلىغىم توغرىلىق ئىزاھ بې-
رىپ كېتەي: 1958 - ژىلى يازدا خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى: «تۈزەلمەس مىللەتچى ئۇنسۇر،
ئۇيغۇرىستان قۇرۇش ئىدىيەسى بار!» - دەپ ئۇدا 6 كۈن كۈرەشكە ئالدى. مەن ئۇلارنىڭ
ئاساسسىز تۆھمەتلىرىگە رەدىيە بەردىم. بىراق، مېنى «ئۇيغۇرىستانچى» دېگىنىگە ئىچىمدە خو-
شال بولۇپ، شۇ ئىپتىخار بىلەن مۇنداق بىر شېئىر يازدىم:

**ئۇيغۇرىستاندا تۇغۇلدۇم، مەن ئۆزەم - ئۇيغۇرىي مەن،**
**ئازاپ چەككەن مىللىتىمنىڭ ناتىۋان بىر ئوغلى مەن.**
**بۇ جاھاندا خارلىق ئاز كۆردىمۇ خەلقىم مېنىڭ،**
**ئۆيلىسام ئوتتەك يېنىپ، قايغۇ - ئەلەمدىن بوغۇلىمەن!..**

شۇ كۈنى كەچتە، بۇ شېئىرىمنى «مىللەتچى» دەپ كۈرەشكە تارتىلغۇاتقان دوستلىرىمغا ئو-قۇپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مېنى ئۆز ئارادا: «ھەي، ئۇيغۇرىي!» دەپ چاقىرىشىدى-غان بولدى. بۇ لەقەم ئوزەمگىمۇ ياقتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن «ئۇيغۇرىي» دېگەن تەخەل-لۇسنى ئىشلىتىشكە باشلىدىم.

بۇ كىرىشمىدە، ئۆزەمنىڭ شەخسىي ھاياتىم توغرىسىدا كۆپ توختالمىدىم. «شېئىر - شائىر-نىڭ تەرجىمە ھالى، شائىر قەلبىنىڭ ئەينىگى» - دەيدىكەن دانا خەلقىمىز. ھۆرمەتلىك كىتاپ-خانلار مېنىڭ تەرجىمە ھالىمنى، مېنىڭ قەلبىمنى موشۇ كىتاپنىڭ سەھىپىلىرىدىن كۆرۈپ ئالالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن!

ھۆرمەت بىلەن: سابىت ئۇيغۇرىي.
1999 - ژىل، ئىيۇن، ئالمۇتا.



قەلەمداش دوست سۆزى:

# سابىت ئۇيغۇرىي ۋە ئۇنىڭ «ھايات ناخشىلىرى» كىتاۋى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى شائىرى سابىت ئابدۇ-
راخمان ئوغلى (ئۇيغۇرىي) 1928 ـ ژىلى ئىلى دەر-
ياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان يەتتىسۇ ۋىلايـ
ـىتىنىڭ چېلەك رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. تۆرت ياش
ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ
كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى
كۆپىرەك ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ئۆتكەن.

مەن سابىت ئابدۇراخمان بىلەن دەسلەپ، 1953-
ژىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى-
نىڭ ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن ۋاقتىمدا
تونۇشتۇم. ھىلىمۇ ئېنىق ئېسىمدا بار: شۇ ژىلى ئاۋ-
غۇستىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىنستىتۇتقا يېڭى كەل-
گەن كۈنلىرىم ئېدى. غۇلجىلىق ساۋاقداشلىرىم ماڭا:
ئۆزى قاراقۇمچاق كەلگەن، ئۈچىسىغا كوستيۇم، بېشىغا
يارىشىملىق بادام دوپپا كىيگەن، 25 ياشلاردىكى ستۇ-
دېنت ژىگىتنى كۆرسۈتۈپ:

ـ مانا بۇ ژىگىت ـ شائىر سابىت ئابدۇراخمان بو-
لىدۇ. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ، مىل-
لىي ئارمىيە سېپىدە خىزمەت قىلغان ـ «گۆكسەنداڭغا
قوشۇلمايمىز» ـ دەپ مىللىي ئارمىيە ئىچىدە يوشۇرۇن
تەشكىلات قۇرغانلىغى ئۈچۈن تۈرمىدىمۇ ياتقان ئىكەن.
ھازىر «چولپان» تەخەللۇسى بىلەن گېزىت ـ ژۇرنال-
لاردا شېئىرلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، ـ دەپ تونۇشتۇردى.
ئۇ چاغلاردا، گۈزەل ئەدەبىياتقا ئىخلاس قويۇپ، ئەمـ
ـدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان بىزدەك ھەۋەسكار ياشلار
ئۈچۈن، شېئىرىيەت چولپانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن
تونۇشۇش ـ خۇددى مۆجىزىدەك بىلىنىپ، ئاجايىپ
كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرغان ئېدى. ئىنستىتۇتتا بىللە
ئوقۇش جەريانىدا، بىز ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، ئا-
خىرىدا قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق.

ھايات تەسادىپىلەرگە باي. مەن 1954 ـ ژىلى ئاي-
رىلىپ كەتكەن شائىر دوستۇمنى، شەرقىي تۈركىستاندا
كوممۇنىست خىتاي ھوكۇمرانلىرىغا قارشى ئومۇمى يۈز-
لىك قوزغىلاڭ تەييارلىنىۋاتقان 1969 ـ ژىلى باھار
پەسلى غۇلجىدا ئىنتايىن جىددى ۋەزىيەتتە ئالدىراش،
ئىككىلا قېتىم كۆرۈشۈپ، ھەر ئىككىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ
تارىخى دۈشمىنى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىر
سەپتە ئېكەنلىگىمىزدىن مەمنۇن بولغان ئېدىم. بىراق،
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىغى سە-
ۋەبىدىن بۇ قېتىمقى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز مەغ-
لۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇ ژىلى 16 ـ ئىيۇندىن باشلاپ
ئىلى تەۋەسىدە قولغا ئېلىشلار باشلاندى. 1 ـ قېتىملىق
قارا دولقۇندا بىر قىسىم سەپداشلىرىم بىلەن قولغا ئېلىن-
دىم. 1970 ـ ژىلىنىڭ فېۋرالدىكى 2 ـ قېتىملىق قارا
دولقۇندا سابىت ئابدۇراخمان قولغا ئېلىنىپتۇ. مىڭلى-
غان ئىنقىلاۋى سەپداشلار قاتارىدا مەنمۇ، سابىت ئاب-
دۇراخمانمۇ ئون ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت خىتاي مۇس-
تەملىكىچىلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا يېتىپ، چىدى-
غۇسىز ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈر-
دۇق...

سابىت ئابدۇراخمان بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئون ژىل
خىتاي زىندانلىرىدا يېتىپ چىققان ئېدى. شائىر ئۆزى-
نىڭ ئالتۇندىن قىممەت ياشلىق ـ قىرانلىق ھاياتىنى
خىتاينىڭ قان پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆت-
كۈزۈپ، 1980 ـ ژىلى ئاپرېلدا يورۇق دۇنياغا چىق-
تى. بۇ دىياردا ئەندى ئۆزىنىڭ بىرەر ئىنقىلاۋى پائالـ
ـيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىگىگە كۆزى
يەتكەن شائىر سوۋېت پۇخراسى بولغانلىق پۈرسىتى-
دىن پايدىلىنىپ، 1981 ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىدا، قېرىن-
داش قازاقستان تەۋەسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاش-
تى. مەن بولسام 1985 ـ ژىلى ئاۋىستىرالىيەگە كەتتىم.
مەن مەسلەكداش، قەلەمداش دوستۇم بىلەن ئارىدىن
سەل كام 30 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 1998 ـ ژىلى
ئاپرېلدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئۇچراشتىم.
بۇ قېتىم مەن دوستۇمنى چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، پىشا-
نىسىغا قورۇقلار چۈشكەن قىياپەتتە ئۇچراتتىم. ئۆزىمۇ
ئېغىر بېسىق، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر -
نىڭ ھەممىسى شائىر باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر ژىللار -
نىڭ يالدامىسىدۇر بەلكى ـ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.
بىر خوشال بولغىنىم: دوستۇمنىڭ سالامەتلىگى ياخشى،
ئىنقىلاۋى ئىرادىسى ھېلىمۇ كۈچلۈك ئېدى، كېيىن بىل-
دىمكى، ئۇ قازاقستانغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز
ۋەتەن، خەلقىنى بىر مىنۇتمۇ ياددىن چىقارمىغان. شا-
ئىر سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىۋاتقان پۈرسىتى-
دىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلەر بى-
لەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتى
( ئۇ ئا ت)نى قۇرۇپ چىقىشقا ئاكتىپ قاتناشقان.
كېيىنكى 2 ژىلدىن بېرى مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى
ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئىكەن. مەن ـ ئاۋىستىرالىيەدى-
كى شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى، سابىت ئاب-

ـدۇراخمان ـ قازاقستاندىكى ئۇ ئا ت رەئىسى سۇپىتىـ
ـدە ۋە بىر قىسىم تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىـ
ـلەن ۋەتەننىڭ سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىـ
ـلاتلىرىنىڭ بىرلەشكەن ئورگىنى ـ خەلىق ئارا شەرـ
قىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇش تەييارلىق ژىـ
غىنىغا كەلگەن ئىدۇق. كۆپچۈلۈك تەشكىلات رەھبەر ـ
لىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ ئىزگۇ ـ
ئارزۇيىمىز ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1998 ـ ژىلى 12ـ
ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي مەركەزنىڭ قۇرۇلغانلىقى
تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھىرىدە پۈتۈن دۇنياـ
غا جاكالاندى!

ئەمدى، شائىرنىڭ «ھايات ناخشىلىرى» دەپ ئاـ
تالغان شېئىرى كىتاۋىغا كېلىدىغان بولساق: ئىستانبۇلدىـ
ـكى ئۇچرىشىشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا دوستۇم
ئۆزىنىڭ قىزىل مۇقاۋىلىق قولىيازمىسىنى قولۇمغا تۇتقۇـ
زۇپ:

— ئۆزى خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتمىغان،تۈرمە ئازاۋىـ
نى تارتمىغان ئادەم ـ تۈرمە ھاياتىنى چۈشەنمەيدۇ،
ئىككىمىزنىڭ تەغدىرى قىسمەتلىرىمىز ئوخشاش بولغانـ
ـلىقتىن، مېنىڭ بۇ شېئىرلىرىمنى سىز ياخشىراق چۈشىـ
ـنەلەيسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ قولىيازمامنى ئوقۇپ
چىقىپ. پىكىر يېزىپ بىرىڭ! ـ دېدى. راستىنى ئېيتـ
ـسام مەن قولىيازمىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، خۇدـ
ـدى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ـ ئېچىلىپ كەتكەن شېئىرىـ
ـيەت گۈلشىنىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. شائىر بىـ
ـلەن مەسلەكداش، تەغدىرداش بولغىنىمىز ئۈچۈنمۇ، قولـ
يازمىدىكى ھەر بىر شېئىر، باللادا، داستانلاردا ئېيتىلغان
پىكىر ۋە ھىسياتلارخۇددى مېنىڭ ئۆز پىكرىم، ئۆز ھىسـ
ـياتىمدەك قەلبىمگە يېقىن بولۇپ تويۇلدى. قىسقىسى،
سابىت ئۇيغۇرى پىشقەدەم، ئىنقىلاۋى شائىر. ئۇنىڭ
ھاياتى ئانا ۋەتەنگە ۋە خەلقىگە بېغىشلانغان ھايات،
ئۇنىڭ ئاۋازى ـ ئىنقىلاۋى كۆرەشكە چاقىرغان جاراڭـ
ـلىق سادا!

«ھايات ناخشىلىرى» كىتاۋى 5 ئاساسى بولۇم، ئىكـ
ـكى قوشۇمچە بولۇپ، جەمئى 7 بولۇمدىن تەركىپ
تاپقان. ئۇنىڭ 1 ـ بولۇمى «كۈرەش ناخشىسى» دەپ
ئاتىلىدۇ. بۇ بولۇمگە 1944ـ 1949ـ ژىللاردىلى ئىنـ
ـقىلاۋى كۈرەش دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار كىرگۈزۈلـ
ـگەن. مەن مۇشۇ بۆلۈمدىكى شېئىرلارنى ئوقۇغاندا شۇـ
ـنى ھىس قىلدىمكى: شائىر ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماي،
شۇ دەۋىردىكى مۇرەككەپ سىياسى ۋەزىيەتنى توغرا
چۈشەنگەن.ۋاقىئەلىرىگە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى دادىل
ئېيتالىغان. ئۇنىڭ 1946ـ ژىلى ئىيۇندا يازغان «ئەيـ
ـلىمە» رادىفلىق شېئىرىدا:

**ئەي قېرىنداش، ئالدىراپ تېچلىقنى خۇمار ئەيلىمە،**
**تېچلىق شۇئارىنى بوينۇڭغا زۇننار ئەيلىمە.**
**بۇ جاھان ئەرك ئۈچۈن، قايناق كۈرەش مەيدانىدۇر،**
**جەڭ قىلماي ئۆزى كېلەر جەننەتنى خۇشتار ئەيلىمە!**
**مىللىتىڭ دۈشمەن قولىدىن خار بولۇپ ياتقاندا سەن،**
**پادىشالىق تەختىگە يەتمەكنى خۇمار ئەيلىمە.**
**قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ يەتكەن ئازاتلىق دەۋرى بۇ،**
**سەن ئۇنى قولىدىن بېرىپ، ئاخىر پۇشايمان ئەيلىمە!**

ـ دەپ يازىدۇ. كېيىنكى سەرگۈزەشتىلەر، شائىرنىڭ يۇـ
قارقى تەشۋىشى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
ئەپسۇسكى، تارىخنىڭ يولى ئەگىر ـ توقاي بولىدىكەن،
دۇنيانىڭ ئېقىمى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا بېقىنمايدىـ
ـكەن، دۇنيا سىياسىتىنى بەلگۈلەيدىغان چوڭ دولەتلەرـ
ـنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھۆقۇقىنى خىتاي مۇستەملىكـ
ـچىلىرى بىلەن يارىششقا مەجبۇر قىلىشى بىلەن باشلانـ
ـغان تەسلىمچىلىك يولى ئاخىرى بېرىپ 1949 ـ ژىـ
ـلىنىڭ ئاخىرىدا ئازات شەرقىي تۈركىستاننى، پۈتـ
قۇلىنى باغلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بېـ
ـرىش بىلەن ئاياقلاشتى. شۇنداق قىلىپ، 1944 ـ ژىـ
ـلى ئىلىدىن باشلانغان، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا غەلىبىـ
ـگە ئېرىشكەن مىللىيئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىز مەغلۇبىيەت
بىلەن ئاياقلاشتى...

ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ
قەلبىدە يانغان ئازاتلىق ئىدېيەلىرى ئۆچمىگەن ئېدى.
ئازاتلىق غايىسىدىن ۋاز كەچمىگەن، كىلەچەكتىن ئۈمىـ
ـدىنى ئۈزمىگەن شائىر 1950 ـ ژىلى يانۋاردا يازغان
«ئىرادە» ناملىق شېئىرىدا:

**ئىشىنىمەن، خەلقىمىزنى كۈتىدۇ تاڭلار،**
**كۈرەش بىلەن تاپىمىز بەختنى ھامان.**
**ئەگىر ـ توقاي بولسىمۇ تارىخنىڭ يولى،**
**چوقۇم ئازات بولىدۇ بۇ ئۇيغۇرستان! ـ**

دەپ ئۈمىتۋار روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

كىتاپنىڭ «تاڭ ناخشىسى» دەپ ئاتالغان 2 ـ بولۇـ
ـمىدە، ئەزگۈچى زالىملارغا نەپرەتلىنىش، يوقسۇللار «ئاـ
ـزاتلىقى»نى مىدھىيلەش مەزمۇنىدىكى بەزى شېئىرلارـ
ـنى ئوقۇيمىز. بىز بىلىمىزكى ھەر بىر شائىر ئۆز دەۋرىـ
ـنىڭ پەرزەندى،ئۇنىڭ دۇنياغا قارىشىغا ئۆزى ياشىغان
دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېيولوگىيەسى تەسىر قىلماي
مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كۆرە شائىر توپلىمىنىڭ بۇ 2 ـ
بولۇمىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرىدا يالغان يوقسۇللار ئاـ
ـزاتلىقىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىگە ئاز ـ تولا ئۇچرىغانلىقىـ
ـنى كۆرۈمىز. بىز بۇنى تەبئى ئەھۋال ـ دەپ ھىساپـ
ـلايمىز. بىراق، شائىر ئىجادىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىـ
ـدىن تارتىپ، ئاخىرىغىچە بولغان بارلىق شېئىرلىرىغا
سىڭگەنئاساسى ئىدېيە؛ ۋەتەن ـ مىللەتكە مۇھەببەت،
ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەغدىرىگە ئېچىنىش،ئاممىنى كۆرەشـ
ـكە چاقىرىش، ئازاتلىققا ـ ئىستىقلالىيەتكە ئىنتىلىشتىن
ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شائىرنىڭ بۇ كىتاۋىنى رەڭگارەڭ
گۈللەرگە تولغان شېئىرى گۈلزارلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەر

شېئىرلار بىلەن تولدۇرۇلغان قىممەتلىك غەزىنە دەپ قارايمىز. ئەسلىدە بۇنداق كىتاپلار، ئەلۋەتتە بىر نەچچە قېتىم يورۇق كۆرىشى كېرەك ئىدى.

كىتاپنىڭ 2 ـ بولۇمىگە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن «كوكۇل كۈيلىرى» بابىدىكى ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان شېئىر ـ غەزەللىرى، چوڭقۇر لىرىزىمى، يۈكسەك بەدىئىلىكى، پاساھەتلىك تىل بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەسىلەن: شائىر «قىلدىم» رادىفلىق غەزىلىدە مۇنداق دەپ كۈيلەيدۇ:

**سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر، سەھەرلەردە ناۋا قىلدىم،**
**مۇھەببەت ئەرزىنى ئېيتىپ، ئۆزەڭگە ئىلتىجا قىلدىم.**
**نېتەي ئەمدى، سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيگىنىم قالدى،**
**بۇ ھىجران خەنجىرى بىرلەن يۈرەگىمنى يارا قىلدىم.**
**تېۋىپكە ئەرزى ھال ئېيتسام، ۋىسالىڭنى «شىپا» دەيدۇ،**
**ۋىسالىڭدىن شىپا ئىزدەپ، ئەزىز جاننى پىدا قىلدىم.**
**مېنىڭ تارتقان ئازاۋىمنى سېنىڭدىن ئۆزگە كىم بىلسۇن؟**
**جۇنۇن ۋادىسىدا تەنھا ئۆزەڭگە ئىختىدا قىلدىم...**

... ... ... ... ... ... ... ... ...

كىتاپنىڭ 3 ـ بولۇمى، «زىندان ناخشىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئەمەس. تۈرمە ـ زىندان ـ ئۇ سىناق مەيدانى، تۈرمىدە ھەر بىر ئىنسان قاتتىق سىناقتىن ئۆتىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ھەقىقى ئىنسانلىغى ـ تۈرمە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر قىيىن ـ قىستاق، ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانى ۋىجدانىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى، مۇسۇلمانلىق ئىمانىنى پاكىز ساقلالىغان بولۇشىدا، ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن سۈرۈنمەي ئۆتەلىشىدە، سابىت ئۇيغۇرى ئەينە شۇنداق ھايات سىناقلىرىدىن سۈرۈنمەي ئۆتەلىگەن شائىر. ئۇ ئۆز خەلقى بىلەن تەغدىرداش بولۇپ ياشىدى، ئەسەرلىرىدە جاپاكەش مىللىتىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى. ئۇ 1958 ـ ژىلى يانۋاردا يازغان «بورانلىق كۈنلەر» ناملىق شېئىرىدا:

**ئۇچۇق تۇرغان ئاسمان تۇتۇلدى بىردىن،**
**قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى كۈندۈز.**
**گۈلدۈرمۇما گۈلدۈرلەپ پەلەك قەسرىدىن،**
**چاقماق چېقىپ سامادىن قۇيۇلدى يۇلتۇز.**
**ئارقىدىن باشلاندى كۆرەش ژىغىنى،**
**مەرتلەرنىڭ بېشىغا تەگمەكتە تاياق،**
**تۆھمەتنىڭ قاپقىنى ئېچىلدى بىردىن،**
**بورانلىق شۇم كۈنلەر باشلاندى شۇنداق!**

دەپ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرنى ئوبرازلىق مىسرالاردا بايان قىلىپ بېرىدۇ.

يوقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تۈرمە ( زىندان) ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن سىناق مەيدانىدۇر. ھەقىقى ئىنسانلار بۇ مەيداندا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئېغىر ئازاپلارنى يېڭىپ ئۆتىدۇ ياكى شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى قورقانچاقلار ئاسانلىق ئىزدەپ خائىنلىق يولىغا ماڭىدۇ. شائىر تۈرمە ھاياتىدا يۈز بەرگەن مۇنداق رىئاللىقنى «خائىننىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرىدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يارقىن ئوبرازلاردا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**قەھرىمان بوپ ئۆلدى ئىمىنجان ئىكرام،**
**«خائىن» دەپ نام ئالدى كەنجاخۇن بەدنام.**
**ئەسلىدە كىم بولۇپ يارالسا ئادەم،**
**شۇ بولۇپ ئۆتەركەن دۇنيادىن تامام.**

**خاتالىق قىلغاننى كەچۈرىش مۇمكىن،**
**خائىنلىق قىلغاننى كەچۈرىپ بولماس.**
**خەلقىڭگە خىيانەت قىلغان ئىكەنسەن،**
**ئەبەدى قارا يۈز بولىسەن، خالاس!**

ئۇزۇن ژىللىق ئۆمرىنى خىتاي زىندانلىرىدا، ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن شائىر ئەشۇ دوزاق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلىدى. ئۇ 1971ـ 1972 ـ ژىللاردا يازغان «مىللىي ناخشىلار» ناملىق شېئىرىنىڭ ئاخىرقى كوپلىتىدا:

**دولقۇنلىنىپ، كۆكنى يېرىپ، تاغلاردىن ئۆتەر،**
**جان يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ئاۋازىم.**
**قاچان كېتەر زىمىستانىڭ، كېلەر باھارىڭ،**
**ئەي ئەسىرلىك مۇڭغا چوككەن ئۇيغۇرستانىم!ـ**

دەپ كۈيلەيدۇ.

كىتاپنىڭ 4 ـ بولۇمى «ھىجران ناخشىسى» دەپ ئاتالغان، بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئەمەس. شائىر 1981ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىدا قازاقستان تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقتى. بۇ تەۋەدە شەخسەن ئۆزى خاتىرجەم ياشاش شەرائىتىغا ئېگە بولغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا ئازاپ چېكىۋاتقان خەلقىنى ئويلاپ بىئارام بولاتتى. 50 ژىللىق ھاياتى ئۆتكەن ئانا دىيارىنى سېغىنىپ، ھىجران ئازاۋىنى تارتاتتى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاش ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبىنى ئازاپلايدىغان ئېغىر قىسمەت. شائىر قازاقستان تەۋەسىگە چىقىپ، ئاز كۈندىن كېيىن يازغان «ھىجران» ناملىق شېئىرىدا بۇ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

**ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ئۆمۈرگە،**
**ھېچ كىشى كۆڭلىدە رىزا بولمىغان.**
**دېمەككى، ئۆز ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا،**
**ۋەتەنسىز خۇش ئۆمۈر ئەسلا بولمىغان!**

شائىر 1991 ـ ژىلدىن كېيىنكى دەۋىردە يېزىلغان شېئىرلىرىنى «ئىستىقلال ناخشىسى»دەپ ئاتاپ، بۇ كىتاپنىڭ 5 ـ بولۇمىگە كىرگۈزگەن. بۇمۇ تەسادىپى ئەمەس. چۈنكى بۇ دەۋىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر ئۆز ئىستىقلالىغا ئېرىشتى. بۇ تەسىرات

ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگۈزگەن مۇھىم ئاساسلاردىن بىرسى بولدى. بىز شائىرنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى كۆزدىن كۇچۇرىدىكەنمىز، شۇ دەۋرنىڭ تەلۋىگە مۇۋاپىق شېئىرىيەتنىڭ سىياسى لىرىكا ژانىرىغا كۆپىرەك مۇراجىئەت قىلغانلىغىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك شائىر قەلىمىنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەنلىگى،ئىپادىلەش ماھارىتى تېخىمۇ يۇكسەلگەنلىگى تېخىمۇ ياققال بايقىلىدۇ. شائىرنىڭ «ئىشەنچ» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا:


**ۋاقىت ۋە ھەرىكەت ھەممىگە قادىر،**
**ئۇ تاغنى قۇم قىلار، شاھنى مۇساپىر.**
**ئويلىساڭ ئوي يەتمەس ئۇلۇق ئىشلارنى،**
**ۋاقىت ئۆزى روياپقا چىقىرار ئاخىر...**
**تۈنۈگۈنلا جاھانغا سىغمىغان سوۋېت،**
**كۇلىنى كۆكلەرگە ئۇچاردى زامان،**
**تۈنۈگۈن مەھكۇم بوپ ياتقان مىللەتلەر،**
**ھە، بۇگۈن ئۆزىگە ئۆزى ھۆكمىران.**
**ئامەتۇ - قىسمەتلەر باقى ئەمەسدۇر،**
**ئايلىنىپ تۇرىدۇ بۇ چەرخى دەۋران.**
**ئەي، مىسكىن ئۇيغۇرۇم، ئۈمىت ئۇزمىگىن،**
**ساڭىمۇ كېلىدۇ ئازاتلىق زامان! -**

دەپ كۇيلەيدۇ.

كىتاپىنىڭ 5 - بولۇمىنىڭ ئاخىرىغا «تەپەككۇر دۇردانىلىرى» دەپ ئاتالغان بىر بولۇم قۇشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن.بولۇمدە ئاساسەن ئىخچام شەكىل،چوڭقۇر فىلوسوفىيەلىك پىكىرلەرگە ئېگە رۇبائىيلار بىلەن پارچىلار ئورۇن ئالغان.بۇ شائىر ھاياتىنىڭ ئەگىر-توقاي يوللىرىدا باشتىن كەچۇرگەن سەرگۇزەشتىلەر،تەقدىر سالغان ئىغىر قىسمەتلەردىن چىقىرىلغان مەنتىقى خۇلاسە، فىلوسوفىك يەكۇنلەردىن ئىبارەت. شۇڭا «تەپەككۇر دۇردانىلىرى» دەپ ناھايىتى توغرا، ئورۇنلۇق نام بېرىلگەن.

مىسال ئۇچۇن مۇشۇ بولۇمدىكى رۇبائىيلاردىن بىرىنىككىسىنى كەلتۇرىمىز:

**ئەي، ۋەتەن، مېھرىڭدىن ئايرىما مېنى،**
**ئۇچقۇرلۇق قاناتتىن قايرىما مېنى،**
**ئامالسىز قوينۇڭدىن كەتتىم ژىراقلاپ،**
**كەچۇرگىن، ئەيىپكە بۇيرىما مېنى!**



* * *

**يىتىم سەن - ئەگەر ئۆز ئېلىڭ بولمىسا،**
**قولۇڭدا دۆلىتىڭ، يېرىڭ بولمىسا،**
**دۇنياغا كەلگىنىڭ، كەتكىنىڭ بېكار،**
**ھاياتتىن بىر قېتىم كۆڭلۇڭ تولمىسا!**

كىتاپتا مۇنداق رۇبائىيلارنى يۇزلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

شۇنداق قىلىپ، «ھايات ناخشىلىرى» شائىر ھاياتىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئىنقىلاۋى شائىرنىڭ ئۆز خەلقىگە تەغدىم قىلغان يۇرەك سوغىسىدۇر. ئۇ كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلانغان 7 بولۇمدىن تەركىپ تاپقان. مۇئەللىپ ئۆزى ئېيتقاندەك: -«ھايات ناخشىلىرى»- 7 يولتۇزدىن تەركىپ تاپقان ئۇكەرگە ئوخشايدۇ. ئۇكەرنى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن بولمىغاندەك، بۇ توپلامنىمۇ بۆلۇۋەتكىلى بولمايدۇ.» بۇ كىتاپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى،رەڭدار شېئىرى شەكىللىرى ۋە مۇستەھكەم كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇشى بىلەن شائىرنىڭ جەڭگاۋار ھاياتىنى، سۇنماس ئىرادىسىنى، جوش ئۇرۇپ تۇرغان شائىرلىق تالانتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ كىتاپ - شائىر ھاياتىنىڭ ئەينىكى سۇپىتىدە، خەلقىمىزنىڭ روھى بايلىغى بولۇپ قېلىشىغا، خەلقىمىزنىڭ ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

مەن قەلەمداش دوستۇمنىڭ تېنى ساق بولۇپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپىرەك نادىر ئەسەرلەر يارىتىپ بېرىشىنى چىن كۆڭلۇمدىن تىلەيمەن.

**كىتاپخانلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملار بىلەن:**
**ئەخمەت ئېگەمبەردى.**
**1998 - ژىل، دېكابىر.**
**ئادېلايدې - ئاۋىستىرالىيە.**

# مۇقەددىمە

## مېنىڭ ناخشام

مەن تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقان، ياشىغان زامان،
يالقۇنلانغان كۈرەشلەر زامانى ئىدى.
بايراقلار لەپىلدەپ، سىگنال ياڭراپ،
شىددەتلىك جەڭلەرگە چاقىردى مېنى!
مەيدانغا كىردىم مەن ئوتتەك لاۋۇلداپ،
قولۇمدا كۆتىرىپ يالقۇنلۇق ئەلەم.
بۇ جەڭدە غالىب چىقىش ئۈچۈن دۈشمەندىن،
بىر قولغا قۇرال ئالدىم، بىر قولغا قەلەم.
بىزگە هازىر ژىغلاڭغۇ قوشاقلار ئەمەس،
باتۇر ئاۋاز، جاڭگاۋار ناخشىلار كېرەك،
كۈرەشتە قورقانچاق، نامەرتلەر ئەمەس،
ئوت ژۈرەك، مەردانە جەڭچىلەر كېرەك!
كۈرەشچان دەۋرىمىنىڭ شائىر ئوغلىمەن،
جاڭگاۋار ناخشىلار ئېيتىپ ياشايمەن.
خەلقىمگە كۈچ — قۇۋۋەت بېرىمەن، ئەمما،
دۈشمەننى بومبا بوپ يېرىپ تاشلايمەن!
بوراندەك گۈكىرەپ ئۇچار ئاۋازىم،
ۋۇلقاندەك لاۋۇلىرى كېتەر ئۇزاققا.
ئەزەلدىن جەڭ قىلىپ ئۆسكەن ئوغۇلمەن،
جاڭگاۋار كۈيلىرىم ياڭرار قۇلاقتا!
ناخشام مېنىڭ: يالقۇنلۇق كۈرەش بايرىغى،
دۈشمەنگە — ئاتەش بۇ، دوستلارغا — بايراق.
ناخشام مېنىڭ: جاڭگاۋار هايات چاقىرىغى،
ياشاشقا، كۈرەشكە، چاقىرار ياڭراق!
ناخشىلىرىم — ئازاتلىق گىمنى بولۇپ،
ۋەتەننىڭ كۆكىدە جاراڭلاپ تۇرار.
ئەۋلاتلار قولىغا چۈشۈپ قالسا بىر كۈن،
كۈرەشچان دەۋرىمنىڭ ئەلبۇمى بولار!

1945 — ژىل.

# كۇرەش ناخشىسى

## (1944 ـ 1949 ـ يىللار)

«بىزنىڭ خەلقىمىز، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشتە ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشكە رازىكى، دۈشمەنگە قۇل بولۇپ ياشاشقا رازى بولمايدۇ.»

ئەخمەتجان قاسىمى.

## غېنى باتۇر

غېنى باتۇر مەيداندا،
دۇشمەنگە يۈز تۇتقاندا.
جىرەن ئېتى ئاستىدا،
ئويناپ ماكدى ئالدىدا...

چىقتى باتۇر چېلىشقا،
ئەلنى ئازات قىلىشقا.
چاقماق بولۇپ جەڭلەردە،
ياۋ باغرىنى تىلىشقا!

غېنى باتۇر دانادۇر،
خەلقلەرگە پانادۇر.
ئۇ سوقۇشقا كىرگەندە،
يالقۇن ئوتتەك يانادۇر.

غېنى باتۇر ئىزى بىز،
ئۇنىڭ ئوغۇل قىزى بىز.
ۋەتەن ئۈچۈن جەڭلەردە،
غېنى باتۇرنىڭ ئۆزى بىز!

( بۇ شېئىر: 1945 ـ يىلى غېنۋاردا «فرونت خەۋىرى» گېزىتىدە بېسىلغان).

## كۈرەشتە ئالغا!

تاغدا كۆلۈپ يۈزىنى ئاچقان قىزىل گۈللەردەك،
ئېچىلغان گۈزەل ئېلىم ـ شەپقەتلىك ۋەتەن!
ئۈستىدە ئەرىش بويلاپ، ئەۋج ئېلىپ بەك،
يېڭىش سىرى قايىنماقتا قانلىق، كەسكىن جەڭ.

بۈگۈن بىزدە باشلانماقتا ئەركىن ـ ھۆر ھايات،
خەلقىمىزنىڭ ئارزۇلىرى مۇرات تاپماقتا.
مۇبارەكلەپ يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ھاياتنى،
نەغمە ـ ناۋا سادالىرى قانات قاقماقتا!

ئازاتلىققا تەشنا بولغان ئوتلۇق يۈرەكلەر،
ئىنقىلاپنى قارشى ئېلىپ ئاۋاز قاتماقتا.
كۈرەشلەرگە بەل باغلىغان باتۇر بىلەكلەر،
شىرغۇراندەك جەڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقتا!

تېخى بىزنىڭ ئالدىمىزدا، ھېساپسىز نۇرغۇن،
تاغدەك ئېغىر ۋەزىپىلەر قاتار تۇرماقتا.
كۈرەشلەرنىڭ قايىنىمىدا ئۆزەڭنى تاۋلاپ،
ئەي، دوستلىرىم، غەيرەت بىلەن ئاتلىغىن ئالغا!

( بۇ شېئىر: «ئازات شەرقىي تۈركستان» گېزىتىنىڭ 1945 ـ يىل 21 ـ مارت سانىغا بېسىلغان)

## دوستلارغا*)

ئەزىز دوستلار ئاتلىنىپسىز قۇتلۇق سەپەرگە،
باسقان ھەر ـ بىر قەدىمىڭىز گۈللەرگە تولسۇن.
جەڭلەردە ياۋنى يېڭىپ، قايتىڭلار ئامان،
ئەجداتلار روھى سىزگە مەدەتكار بولسۇن!
ۋەتىنىم ئازات بولغان ئاشۇ كۈنلەردە،
سىز بىلەن قۇچاغلىشىپ بىز كۆرىشەرمىز
ئېلىنىڭ باغلىرىدا سىز دوستلار بىلەن،
سەيلە قىسىپ، ناخشا ئېيتىپ، شات كۈلۈشەرمىز!

## جاۋاپ

تەلكىنىڭ شوخ شامالىرى پەرۋاز قىلىپ،
ئاتۇ ـ قارا بۇلۇتلارنى ھايداپ ئۆتەر.
ئەي، دوستلىرىم، سىزنى سېغىنىپ، سالام يازدىم،
خوشاللىق كۈن ـ سەھەرلەردە يېرىپ يېتەر!

خوشلىشىپ ماڭغاندا، سىز دوستلار بىلەن
يېتىمىز! ـ دېگەن ئىدۇق يېڭىشلارغا.
كېلىمىز، ئەشۇ سۆزنى دىلدا ساقلاپ،
بەرداشلىق بېرىپ ئېغىر چېلىشلارغا!

( ئا. سوپى)

*) ( 1945 ـ يىلى باھاردا ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان دوستلىرىمغا ژۇقۇرىدىكى بىرىنچى شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدىم. مەيداندىكى دوستۇم ئاۋەكرى سوپى «جاۋاپ» دېگەن شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتكەن ئىكەن، جەڭ مەيداندىن ساق قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ياش ئۆلۈپ كەتكەن دوستۇمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ ئىككى شېئىرنى، توپلامغا كىرگۈزۈپ قويدۇم.)

## باغ

ئاتتى تاڭ، چىقتى قۇياش، نۇرلارغا تولدى ئاسمان،
قىش ـ زىمىستانلار كېتىپ، كەلدى باھارىم ياشنىغان.
شۇ باھارنىڭ زەۋقى بىرلە يايرىدى كۆڭلۈم مېنىڭ،
دىل قۇشۇم پەرۋازغا كەلدى، سايرىشىپ، شېرىن زابان

ياشنىغان باغ دېگىنىم ـ ئازات گۈلستان ۋەتىنىم،
شۇ ۋەتەندە ئەركە ئويناپ ئۆسمەكتىمەن شادىمان!
بار جاھانغا تەڭ قىلماسمەن، ۋەتىنىمنىڭ كۆركىنى،
باغلىرى جەننەتكە ئوخشار، تاغلىرى گۆھەرگە كان!
ئەي، ۋەتەن، مېھرىڭ بىلەن ئازادە ـ ئۆستەردىڭ مېنى،
مەن ساڭا خىزمەت قىلۇرمەن، تا جېنىم بولسا ئامان!
1945 ـ يىلى، ماي.

## جەڭچى خىتاۋى

ۋەتەن - ئانا ئەمر قىلدى، مەيدانلارغا كىرىشكە،
دۇشمەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ يەنچىشكە.
تىنىمىز - چوغ، قانلار - يالقۇن، كەلسە دۇشمەن كۆل بولار،
ئازاتلىقنىڭ تاڭچىسى بىز، باسقان ئىزىمىز نۇر بولار.
گۈلدۈر - قاراس چاقماق چېقىپ، يالقۇنلانغان تۈنلەردە،
شىرلار ئوخشاش ھايقىرارمىز، مەيدانلارغا كىرگەندە،
ئالىمىز بىز، ئالدۇرمايمىز، قانلار سەلدەك ئاقسىمۇ،
پاك تېنىمىز يەر قۇچاغلاپ، مەيدانلاردا قالسىمۇ!
تارىخلاردا ئىزى قالار، بۇ جاڭگاۋار ئانلارنىڭ،
كېلەچەككە نۇرى تارار، بىز ئاتقۇزغان تاڭلارنىڭ!
ۋۇرۇڭ دوستلار، ۋۇرىشىمىز، يەر يۈزىنى تىترەتسۇن،
يالتىرلىغان ئالماس قىلىچ، ياۋ بېشىنى سەكرەتسۇن!
تا ئەزەلدىن يەڭگۈچى بىز، يېڭىلمەيمىز ھېچقاچان،
ئازات قىلىپ ئانا يۇرتنى، قۇرىمىز - جەننەت ماكان!

1945 - ژىل، سېنتەبر.

## ۋەسىيەت

ئۇزەم كەتتىم، قىلىپ ئارمان، قەدىردان يۇرت - ئېلىم قالدى،
ئېلىمنىڭ قۇينىدا بەختى ئېچىلغان مىللىتىم قالدى.
ئازاتلىققا بولۇپ تەشنا، زۇلۇمغا قارشى ئاتلانغان،
ۋەتەنپەرۋەر، غەيۇر ئوغلان، كۆرەشچان دوستلىرىم قالدى.
تېخى يەتتە ۋىلايەتتە، ئېزىلگەن قانچە خەلقىم بار،
شۇلارنىڭ بەختىنى كۆرمەي، ۋۇرەكتە ئارمىنىم قالدى!
شۇ خەلقىم يېشىدىن پەيدا بولۇپتۇ قانچە دەريالار،
غەزەپتىن ماۋج ئۇرۇپ ئاققان تۇمەن دەريالىرىم قالدى.
ئايا، دوستلار، ۋەتەن سۆيگىن، ۋەتەننى پاكلىغىن ياۋدىن،
ۋەتەنسىز ئەردە بەخت بولماس - دېگەن ۋەسىيىتىم قالدى!

1945 - ژىل، ئۆكتەبر.

## سالام

*ئۇشبۇ قۇت بايرام بىلەن جەڭچى ئوغۇللارغا سالام،*
*ئەل - ۋەتەننىڭ باتۇرى، پەخرى بوغۇنلارغا سالام.*
*قانغا - قان ۋە جانغا جان ئالماقنى ھەريان ئىستىگەن،*
*شۆھرىتى غالىپ - يېڭىلمەس ئارسلانلارغا سالام!*
*چەكسىمۇ مىڭلاپ مۇشەققەت، ھەق يولىدىن يانمىغان،*
*ئەل ئۇچۇن جېنى تەسەددۇق قەھرىمانلارغا سالام.*
*قان قۇسۇپ پۇتسۇن - ئۇجۇقسۇن ۋەتىنىمنىڭ ياۋلىرى،*
*ياۋنى يەكسان ئەيلىگەن غالىپ قىرانلارغا سالام.*
*يوپ - يورۇق كۈنلەر ئۇچۇن جانلارنى پىدا ئەيلىگەن،*
*ھۆر ھاياتنىڭ تاڭچىسى - ساھىپ جامالّلارغا سالام!*

1946 - ژىل، ئاپرېل.

## ئەيلىمە*)

ئەي قېرىنداش، ئالدىراپ، تېچلىقنى خۇممار ئەيلىمە،
تېچلىق شۇئارىنى بويىنۇڭغا زۇننار ئەيلىمە.
بۇ جاھان، ئەرك ئۇچۇن قايناق كۈرەش مەيدانىدۇر،
جەڭ قىلماي ئۆزى كېلەر جەننەتنى خۇشتار ئەيلىمە.
قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ يەتكەن ئازاتلىق دەۋرى بۇ،
سەن ئۇنى قولدىن بېرىپ، ئاخىر پۇشايمان ئەيلىمە!
مىللىتىڭ دۇشمەن قولىدا خار بولۇپ ياتقاندا سەن،
پادىشالىق تەختىگە يەتمەكنى خۇممار ئەيلىمە.
دائىما ھوشيارى بول، ئەتراپقا بېقىپ باس ئاياق،
ئەسلى يات بىگانىنى ئۆزەڭگە دوست - يار ئەيلىمە.
ئەرزىمەس مەنسەپ ئۇچۇن دۇشمىنىڭگە ئالدىنىپ،
قانچە ژىل تارتقان جاپا، مېھنەتنى بېكار ئەيلىمە!

1946 - ژىل، ئىيۇن.

*) بۇ شېئىر - گومىنداڭ ھوكۇمىتى بىلەن تېچلىق بىتىمى تۈزۈش تەرەپدارلىرىغا قارشى يېزىلغان.

## كېلىدۇ

(فرونتتىن قايتىپ كەلگەن جەڭچىلەرگە بېغىشلايمەن)

**تاڭ سەھەر سەيرە ئېتىپ، ئويناپ سابالەر كېلىدۇ،**
**چەرخ ئۇرۇپ، جەۋلان قىلىپ، بۇلبۇلگويالەر كېلىدۇ.**
**ئەي ئىلى، قوينوڭنى ئاچ، ئوغلانلىرىڭنى قارشى ئال،**
**سېنى ئازات ئەيلىگەن ئول رەھنىمالەر كېلىدۇ.**
**زور كۈرەش مەيداندا دۇشمەننى مەغلۇپ ئەيلىگەن،**
**ئەل ئۇچۇن جېنى تەسەددۇق، مەرت ئاغالەر كېلىدۇ.**
**قۇل بولۇپ يەتتە ۋىلايەت قالدى دۇشمەن ئىلكىدە،**
**مەخسىتىگە يەتمىگەن ئارمان نىدالەر كېلىدۇ.**
**ئەل - يۇرتىنى سېغىنىپ كۆيگەندۇ جەڭچى ژۈرىگى،**
**يارىنى كۈلدۈرگىلى دەرتكە داۋالەر كېلىدۇ.**
**دوستلىرىڭنى قارشى ئېلىپ، ئەي «ئۇچقۇن» سازىڭنى چال،**
**ناخشىلارغا جۆر بولۇپ، نەغمە - ناۋالەر كېلىدۇ!**

1946 - ژىل، ئىيۇل.

## تىپچلىق

*كىم بىزگە تاڭدى بۇ «تىپچلىق» دېگەننى،*
*ئۇنىڭچۇن قانچىلىك بەدەللەر بەردۇق؟*
*«تىپچلىق» - دەپ چۇشەردۇق قولدىن قىلىچنى،*
*لەنىتى ياۋ بىلەن پۇتۇمگە كەلدۇق!*

*تىپچلىق كېرەك، ۋالېكىن ئەشۇ تىپچلىقنى،*
*مۇقەددەس ھوقۇقنى بېرىپ ئالمايمىز.*
*دۇشمەنلەر بەرمىسە بىزگە ھۆرلۈكنى،*
*ئۇ ئۆزى كېلەر - دەپ قاراپ تۇرمايمىز!*

*تىپچلىق بىلەن كەلمىگەن مۇستەقىللىقنى،*
*كۆرەشتە قان تۆكۈپ كەلتۈرىمىز بىز.*
*ياخشىلىقچە كەتمىگەن گېزەندىلەرنى*
*مىلتىق نەيزىسى بىلەن كەتكۈزىمىز بىز!*

1946 - ژىل، سېنتەبر.

## كۈرەش داۋانلىرىدا*)

ۋەتەن ئۈچۈن جاندىن كېچىپ جەڭگە ئاتلاندۇق،
بۈيۈك مەخسەت، ئالى نىشان ئالدا بولغاشقا.
چېكىنمىدۇق، نى بىر مۈشكۈل داۋانلار ئاشتۇق،
دىلدا ئۈمىت چىراقلىرى پارلاپ تۇرغاشقا.

مەخسەت ئۇلۇق، لېكىن يوللار مۈشكۈل خەتەرلىك،
ئالدىمىزدا ئېگىز داۋان، ئېغىر سىناقلار...

مەيلى، ئەگەر، مەسلەك ئۈچۈن بولساممۇ قۇربان،
مۇقەددەس جەڭ مەيدانىدا ئىزلىرىم قالار!

ھەر نە بولسا، چۈشتۈم كۈرەش مەيدانىغا مەن،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزەرمەن جەڭ قايناملىرىدا.
مەسلىكىم ـ ماياك ماڭا، خەلقىم ـ تايانچىم،
چارچىماسمەن ئۇلۇق ۋۇرۇش داۋانلىرىدا...

*) بۇ شېئىر ـ 1946 ـ يىل نويابىردا مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغان كۈنى يېزىلغان.

## نويابىر تېگى *)

ئۆتمۈش كۈنلەر بېشىمىزغا ۋەھشەت ياغدۇرۇپ،
قارام تەغدىر ئۈستىمىزدە كۈلۈپ باقاتتى...
ئېلى، تارىم دەريالىرى ئاقار مەۋج ئۇرۇپ،
تەگرى تېغىم سۈكۈناتقا چۆكۈپ ياتاتتى...

ئېچىندى جان، قايىندى قان، ئۆرلىدى ۋىجدان،
قەھرىمىزدىن ئوتتەك يېنىپ جەڭگە ئاتلاندۇق!
بەلدە كەمەر، قولدا شەمشەر، تېقىمدا تۇلپار،
ھەر مەيداندا ياۋنى يېڭىپ ئۈستۈنلۈك ئالدۇق!

ئېلخانتۆرەم ئازاتلىقنى قىلغاندا جاكا،
كەڭ ۋادىنى قاپلاپ كەتتى خۇشاللىق قىقاس...
بۇ قىقاس ـ ئازاتلىقنىڭ سالىيوتى ئېدى،
بۇ قىقاس ـ كېلەچەككە سېلىنغان ئاساس!

ئېلى، ئالتاي، تارباغاتاي قىلار تەنتەنە،
قەشقەرىيە ۋادىسىدا كۈرەش ئوتى چوغ!

ئەرك ئۈچۈن جەڭگە كىردى، كۈرەشچان ئەرلەر،
غالىبىيەتكە يول باشلىدى، شانلىق يېشىل تۇغ!

ئەشۇ قۇتلۇق كۈنلەرگە بۈگۈن ئىككى يىل،
ئاجايىپ ھۆر زامانغا ئىشىك ئاچتۇق بىز...
ئەڭ گۈزەل ئارزۇلارغا يېتىپ بىر يولى،
يۇرتىمىزنى باراقسانلىق بوستان ئەتتۇق بىز!

مانا بۈگۈن غالىبانە قەدەملەر بىلەن،
يېڭىشتىن يېڭىشلارغا ئۆرلەپ بارىمىز...
ئازات ۋەتەن قوينىدا جەۋلان قىلغۇچى،
نويابىردىن قانات ئالغان شۇڭقار ئۆزىمىز!

ۋەتىنىمىز بۆسۈپ ئالغا، توي تارتىپ بارار،
تاڭ قىزلىرى كۆكرىگىدە غەلىبە چېچىكى...
تەگرىتاغدىن ئاشۇرۇپ شوخ ھىسلارنى چاچار،
«ئۈچقۇن»لارنى يالقۇنلىتار نويابىر تېگى!

*) ـ بۇ شېئىر 1946 ـ يىل نويابىردا «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە بېسىلغان.

# تەبىئەت تۈيغۇلىرى

## باھار كەلدى

باھار كەلدى بار ئالەمنى تۈيغىتىپ،
ئۇخلاپ ياتقان تەبىئەتنى ئۇيغىتىپ.
قارا قىشتىن چىقىۋالدى ھەممە جان،
قۇشلار خۇشال سايرىشىدۇ ئۇرغىتىپ.

باھار كەلدى ياساندۇرۇپ تاغلارنى،
گۈل چېچەككە ئوراپ يېشىل باغلارنى،
باھار دېگەن تەبىئەتنىڭ كۆركىمۇ،
كىممۇ سۆيمەس، بۇنداق گۈزەل چاغلارنى؟

باھار كەلدى، بەختى كۈلگەن ئېلىمگە،
سۆلەت بېرىپ، مېنىڭ ئانا يېرىمگە،
ئېتىزلاردا «ئىشكىر ـ تاشقىر» ئاۋازى،
دېخانلارمۇ كىرىپ كەتتى تېرىمگە!

باھار كەلدى، بار ئالەمنى كۈلدۈرۈپ،
ئىش قوينىدا قىز ـ يىگىتنى سۆيدۈرۈپ.
چاچلىرىغا جالا سېلىپ قىزلارنىڭ،
يىگىتلەرنىڭ يۈرىگىنى كۆيدۈرۈپ!

باھار كەلدى، قۇۋۋەت بېرىپ بىلەككە،
ئىنتىلدۈرۈپ، ئۇلۇق ئارزۇ ـ تىلەككە.
كەڭ ئېتىزنىڭ ئىش قايناغان چاغلىرى،
شىپالىقمۇ ئاشىق بولغان يۈرەككە!

باھار كەلدى، ئاپرېل ۋە ماي كەلدى،
بىز سېغىنىپ، ئارزۇ قىلغان ئاي كەلدى.
رىزىق بېرىپ بارچە جانلىق ئەھلىگە،
ئەلگە سېخى دەستىخانلىق باي كەلدى!

ۋەتىنىمدە دايىم باھار بولسىدى،
خەلقىم خۇشال تويلار قىلىپ تۇرسىدى.
ئەل بەختىنى كۆرەلمىگەن رەقىبلەر،
ئۆز ئىچىدىن زەھەر ۋۇتۇپ ئۆلسىدى!

## يېزامدا باھار

كەلدى كۆكلەم، سوقتى سەلكىن، يەلپۈدى ئىللىق ھاۋا،
ياغدى يامغۇر، ياشنىدى يەر، ئۈيغىنىپ كەتتى دالا...
تاغدىكى قارلار ئېرىشتى، كەلدى زور كەلكۈن بولۇپ،
شاقىراپ ھەيۋەت بىلەن قايناپ تېشىپ، ئاقتى سۇلار...
شامال يەلپۈپ، سۇ شاقىراپ، ئۈيغاتتى تاغ ـ دالىنى،
گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، خۇشبۇيى پۇراق چاچتى راسا...
باغدىكى سېرىن دەرەخلەر گۈل ئېچىپتۇ غۇچچىدە،
ئاق تېرەك ياپراق يېيىپ، چوكانلىرى سالدى جالا...
تاغلىرىدا بۇغا ـ مارال ئويىنىسا جەۋلان قىلىپ،
باغدا بۇلبۇل بىرلە كاككۇك سايرىشىپ قىلدى ناۋا...
تۇشمۇ ـ تۇشتىن سايرىشىپ، قوشلار قىزىتسا بەزمىنى،
ناز كېلىندەك نازلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى مايسىلار.
بار تەبىئەت كۆكرىگىدە بىر خوشاللىق تەنتەنە،
تويغا راسلانغان كېلىندەك ياسىنىپ ئالدى ئۇلار...
ئەينە تايچاق، قوزىلار شوخ سەكرىشىدۇ قىيغىتىپ،
قوزا ـ تايىنى باللىرىدەك ئاسرايدۇ مالچىلار...
ئەتىگەن چوقان ـ سۈرەندە چىقىدۇ مال پادىسى،
كەچقۇرۇنى قايتىشىدۇ مەرىشىپ قوي ـ قوزىلار...
كەڭ ئېتىزدا، قىزغىن ئەمگەك توختىمايدۇ كۈن ـ تۈنى،
قوشچى يەر ھايداش پىلانىنى ئاشۇرۇشنىڭ كويىدا...
ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا ئالدىرايدۇ، چاپىدۇ،
ئەينە شۇنداق ئىشتا قايناپ تۇرىدۇ بىزنىڭ يېزا!

1947 ـ ژىل، ئاپرېل ـ ماي. شىخو.

## خىتاپ

(مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ھىندىستان خەلقىگە)

برىتانىيە ئىمپېرىيەسى تاجى ئاستىدا،
مەجرۇھ شىردەك ھۆكىرەيدۇ، ئەينە ھىندىستان،
ھىندى، گانگى دەريالىرى ئاقار مەۋج ئۇرۇپ،
ھىمالايا غەزەپ بىلەن ئاتماقتا ۋولقان!
«ھىندىستانغا ئازاتلىق!» ـ دەپ سۆزلەيدۇ ھاندى،
ئۈچ يۈز مىللىون ھىندى خەلقى تۇرماقتا قاتار.
ئەلىنىڭ قەيسەر ئوغۇللىرى ئامان بولسىلا،
ھىندىستاندا ئازاتلىقنىڭ تاڭلىرى ئاتار!
ئەي، ھىمالاي، يالقۇنلاتقىن يانار تېغىڭنى،
غەزەپ بىلەن كوككە ئاتقىن ۋولقانلىرىڭنى،
ۋىراق لوندون تەختى تىترەپ، كۆيۈپ ـ كۈل بولسۇن،
قۇتقاز، زۇلمەت جاھالەتتە ياتقان ئېلىڭنى...
ئەي ھىندىستان، ئازاتلىققا ئاچقىن كەڭ قۇچاق،
جاراڭلىسۇن، ئازاتلىقنىڭ كىمىنى ياڭراق.
ئېزىلگەنلەر دۇنياسىغا نۇر ـ مايان بولۇپ،
يەلپۈلدىسۇن ئېۋرىستتا ئازاتلىق بايراق!

1947 ـ ژىل، ئاپرېل، شىخو.

## ئانامغا

(تېخى ئازات بولىمىغان يەتتە ۋىلايەتكە بېغىشلىنىدۇ)

ئەي، مېنىڭ تۇغقان ئېلىم ـ مۇكەللەق ئانام،
قېدىمىي قەشقەرىيەم ـ داڭلىق دالام...
سېغىنىپ سېنى بۈگۈن سالام يازدىم،
قوبۇل قىل، سالامىمنى، دارىلپانام!
قەشقەرىم ـ ئەزىزانە ماكانىمسەن،
خوتەنىم ـ شەھىدانە مازارىمسەن،
ئاقسۇرىم غەرىبانە غەمخانىدۇر،
ئىدىقۇت ئاستانىسى ـ تۇرپانىمسەن!
ئەي، ئانا، نېمىشكە سەن ئاجىزدا خار؟
زېمىنىڭ كەڭ بولسىمۇ زامانىڭ تار.
نېمىشكە كەلگۈندىلەر سەندە ھاكىم،
ئۆز بالاڭ: ئاچ ـ يالىڭاچ، زاغرىغا زار؟
ئاھ مېنىڭ دەتلىك ئانام، ئۇيغۇر ئېلىم،
شۇنچىلىك ئېچىنارلىق ھالىڭ سېنىڭ.
شۇندىمۇ ئۈمىدىڭنى ئۈزمە ھەرگىز،
ئاتىدۇ ئەتە ـ ئۆگۈن بەخت تېڭىڭ.
ئەي، ئانا، قۇدرەتلىنىپ، نەرەڭنى تارت،
كۈرەشچان ئەۋلادىڭنى جەڭگە ئۇيغات!
بىرلىشىپ كۈرەش قىلسا، ئەۋلاتلىرىڭ،
بۇ زۇلۇم، بۇ جاھالەت يوقايدۇ پات!

1947 ـ ژىل، ماي، شىخو.

# ۋاقىت*)

ئەزىز دوستۇم، ۋاقىت قىممەت، ۋاقىت بىباھا،
ئۇچقان قۇشتەك ئۇچۇپ ئۆتەر، توختىماس ئەسلا.
مىنۇتلىرى ــ مەرۋايىت، سائەتلىرى ــ دۇر،
شۇ مىنۇتلار قاتارلىشىپ، ئۆتىدۇ ئۆمۈر...
غاپىل بولساڭ قۇيرىغىنى ئۇتقۇزماي ئۆتەر،
تۈيدۇرماستىن ئۆمۈرىڭنى ئوغۇرلاپ كېتەر،
شۇڭا دوستۇم، كونلىرىڭنى قىلمىغىن زايە،
ئىجات قىلماق بولسۇن ساڭا مۇقەددەس غايە.
كۈنلەر ــ كوپلىت، ئايلار ــ داستان، ۋىللار ــ رومان،
ھاياتىڭدىن قالسۇن شۇنداق ئۇنتۇلماس نىشان.
ئۆلمەس ئىجات ــ سېنىڭ ئۆلمەس ھەيكىلىڭ بولار
ئەۋلاتلارنىڭ ۋۇرىگىدە نۇر چېچىپ تۇرار!
1948 ــ ۋىل، مارت، يەنسەي.

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

# ئىجات

ئادەم ئۆلەر بۇ دۇنيادا شائىر ئۆلمەيدۇ،
شائىر نامى ھېچقاچاندا يەرگە كىرمەيدۇ.
ئەۋلاتلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ ئىجات،
شۇ ئىجاتتىن قۇۋۋەت ئېلىپ گۈللىنەر ھايات.
شائىر ئوغۇل ئەلنى كۈيلەپ غەزەل ئېيتىدۇ،
خۇش ئاۋازى بار ئالەمگە تاراپ كېتىدۇ.
ئېسىل سۆزنى تاللاپ شېئىر توقۇيدۇ شائىر،
ئۇ ھاياتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا ماھىر.
ھاياتتىكى ياخشى، يامان، ھەتتا زەررىسى،
شائىر ئۈچۈن پۈتمەس ئىلھام بۇلار ھەممىسى.
ۋۇرەكتىكى قىزىل قانلار توختىماي تامام،
سوغۇلمايدۇ شائىردىكى قاينىغان ئىلھام.
بىز كۈرەشچان ناخشىلارنى ئىجات ئېتىمىز،
كۈرەش بىلەن ھۆر ھاياتقا چوقۇم يېتىمىز!
1948 ــ ۋىل، ماي، يەنسخەي.

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

# *قەشقەر قىزىغا*

*ئەي، كۆڭۈلنىڭ جانانىسى ئامراق سىڭلىم،*
*ۋەتىنىمنىڭ گۈلغۇنچىسى ــ ئوماق سىڭلىم.*
*كېچىلەردە چارا قىلغان يۇلتۇز ئوخشاش،*
*يانسەن، يېتەلمەيسەن، بىراق سىڭلىم.*
*تەلمۈرۈپ ئازاتلىقنى كۈتتۈڭ ھامان،*
*يېتەلمەي چېرايلىرىڭ بولدى سامان.*
*يا، كۆلۈپ ئېچىلمىدى بەختىڭ سېنىڭ*
*ياكى تەگرىم بەرمىدى ساڭا ئىمكان!*
*زۇلۇمنىڭ قازانلىرى قايناپ تاشتى،*
*سەۋىر پۈتتى، غەزەپلەر چەكتىن ئاشتى.*
*تىڭىرقىپ تۇرمىغىن سەن، ئەندى سىڭلىم.*
*كۆتەرگىن رىزۋانگۈلدەك سەنمۇ باشنى.*
*مەزلۇم ئەل قىساسلىرى ياۋنى تۇتار،*
*قارا يەر قەھرى بىلەن ئۇنى ۋۇتار.*
*بىزلەرگە نۇرىن چاچقان ئەرك قۇياشى،*
*تارىمنىڭ بويلىرىنى ھەم يورۇتار!*

*) ۋۇقۇرىدىكى شېئىرلار 1948 ــ ۋىلى «ئىنقىلاۋى شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

# ئىككى يار ناخشىسى

*( مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ قەشقەر قىزى*
*بىلەن يېزىشقان غەزەللىرى)*

**قىز:**
تاغدا ئۇچقان ئەي سابا، يارىمغا ئېيتىڭلار سالام،
كۆكتە ئۇچقان تۇرنىلار، نارىمغا ئېيتىڭلار سالام.
ئوتلىرى چۇشتى جېنىمغا، ۋۈرىگىم ــ باغرىم كاۋاپ،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن، يارىمغا ئېيتىڭلار سالام.
ئاشۇ يارنىڭ ئىشقى بىرلەن بىداۋا بولدۇم مانا،
بىر داۋا قىلغاي كېلىپ، دارىمغا ئېيتىڭلار سالام.
سۇزۇلۇپ ئاتقاندا تاڭلار، قىزىرىپ چىققاندا كۈن،
سېغىنىپ يادلايدۇ ــ دەپ جانىمغا ئېيتىڭلار سالام!

**ۋىگىت:**
كۆكتىكى لاچىن بولۇپ، ئۇچسام قاناتىمنى سۇزۇپ،
دىلبىرىم ــ قەشقەر قىزىنىڭ ئالدىغا چۈشسەم ئۇزۇپ.
ماڭا جەننەت كۆرۈنىدۇ بەشكىرەمنىڭ باغلىرى،
ئاشۇ باغدا يارى بىرلەن سەيلىتىپ ۋۈرسەم كۈلۈپ.
ئەي، نىگارىم، كەلمىدى ــ دەپ، سەن ئۈمىتنى ئۈزمىگىن،
مەن بارۇرمەن ھىجران كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ.
مەن بارۇرمەن، ئىنتىزار يارىمنى خۇشال ئەتكىلى،
ئېلىخۇننىڭ باغلىرىدىن دەستە گۈللەر كۆتىرىپ.
زارىقىپ يەتكەن ۋىسالنىڭ ھەر دېمى ئالەمچە بەخت.
بىز يانارمىز ئاشۇ ۋىسال بەختىنى بىللە كۆرۈپ!

**قىز:**
ئەي، ۋىگىتىم، سېنىڭ ئىشقىڭ دىلغا ئوتلار ياقىدۇ،
ئويلىسام مەن، ۋۈرىگىمدە، كۈن چىقىپ تاڭ ئاتىدۇ.
مەن ياشايمەن شىرىن ۋىسال كۈنلىر[illegible]ىن ئارمان قىلىپ،
بۇ شىرىن ئارمانلىرىم، قاچان مىراتقا ئاشىدۇ؟
ئاڭلىسام مەن، سېنىڭ ئېيتقان غەزىلىڭنى، باتۇرۇم،
كوڭلۈمگە ئارام بېغىشلاپ، جانىغا جانلار قاتىدۇ.
شۇندىمۇ، سەن كەلمىدىڭ، يارىڭنى بىر كۈلدۈرگىلى،
شۇم رەقىپلەر تەنىسى ــ جېنىمغا تاشتەك پاتىدۇ.
تېزىراق كەلگىن مۇرادىم، تاقىتىم ھېچ قالمىدى،
ئىنتىزار بولۇپ سېنى خەلقىمۇ چىللاۋاتىدۇ!

**ۋىگىت:**
دىلبىرىم، تۈنلەردە ئېيتقان غەزىلىڭنى ئاڭلىدىم،
ئاڭلىدىم، لېكىن قېشىڭغا مەن ئۇچۇپ بارالمىدىم.
ــ «ئۇنتۇدىڭمۇ، سەن مېنى، كەلمەيسەن!» ــ دەيسەن، دىلبىرىم،
ھېلىما ئات ئۈستىدە مەن، سەپىرىمدىن يانمىدىم.
كاشىلا قىلدى ماڭا، يولۇمدا غايىپ قوللىرى،
شۇڭا دىلبەر، ۋەدە قىلغان چاغدا مەن بارالمىدىم.
ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ، مەن سېنى خۇش كۈلدۈرمىسەم،
دۇنيادا ئۆچسۇن مېنىڭ «باتۇر» دېگەن ئۇنۋانلىرىم!
ئەي دىلبەر، مەن بارۇرمەن ساڭا ئازاتلىق ئېلىپ،
شۇندا، قەشقەر باغلىرىدا ئاڭلىنار غەزەللىرىم!

1948 ــ ۋىل، ئىيۇن.

# ژۇرەك

تا ئەزەلدىن ئىشىق ئوتىلە ئۆرتىنىپ يانغان ژۇرەك،
مۇھەببەتنىڭ دامىغا ئەسىر بولۇپ قالغان ژۇرەك.
يارنى كۆرگەن چېغى تىپىرچىلاپ سوققان ژۇرەك،
ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۆزگىگە مىڭ پارە بوپ ئاققان ژۇرەك!

ھېچ كىشى ئىنسان بولالماس، قەلبىدە دەرت بولمىسا،
خەلقىگە ئاتەش مۇھەببەت، ياۋغا نەپرەت بولمىسا.
ژۇرەك دېگەن گۆش ئەمەسمۇ ئوت ـ ھارارەت بولمىسا،
ھەر كىشىنىڭ كۆكسىدە يېنىپ تۇرار گۈلخان، ژۇرەك!

ئەي، ژۇرەك، ئەزدى سېنى، بۇ قارا تەغدىر قوللىرى،
ھىجران تىغى بىلەن جىسمىڭنى مىڭ بار تولغىدى.
شۇندىمۇ سەن ئۆچمىدىڭ ياندى مۇھەببەت ئوتلىرى،
يار ۋەسلىگە تەلپۈنۈپ، قۇدرەت بىلەن سوققان ژۇرەك!

ژۇرۇگۇم، ياندىڭ لېكىن يارىڭنى بىر كۆرەلمىدىڭ،
باغلىرىدا سەيلىتىپ، ئەركىن ـ ئازات يۈرەلمىدىڭ،
ياكى غۇنچە لەۋلىرىدىن بىر قېنىپ سۆيەلمىدىڭ،
سېنى خۇنبار ئەيلىدى بۇ ئەلەم ـ ئەپغان، ژۇرەك!

شۇندىمۇ ئەي ژۇرۇگۇم، سەن ئۇمىتىڭنى ئۈزمىگىن،
ئۇشبۇ ھىجران تەغدىرىگە رازى بولۇپ تۆزمىگىن.
ئىنتىلىپ قال ۋەسلىگە، پۇرسەتنى ھېچ كەتكۈزمىگىن،
تا ئەبەتكە ئۆچمىسۇن جىسمىڭدا بۇ ئارمان، ژۇرەك!

1948 ـ ژىل، ئىيۇن.

# سالام*)

خەلقىمىزنىڭ ئەلچىسى ـ ئالىي مەقاملەرگە سالام،
بەختىمىزنىڭ كۈيچىسى ـ غەزەلخانلەرگە سالام.
ئەل ـ يۇرتىنى سېغىنىپ كۆيگەندە جەڭچى ژۇرىگى،
يارىدىن سوغات ئېلىپ كەلگەن يارانلەرگە سالام.
ئاتا ـ ئانا ھەم قېرىنداش مېھرىگە بولغاندا زار،
قەلبىمىزنى خۇش قىلغان مېھرىبانلەرگە سالام.
سازلىرى شۇنچە يېقىملىق، كۈيلىرى كۆكۈلگە جا،
جان ئېلىپ جان بەرگۈچى شېرىن زابانلەرگە سالام.
تەمبىرىنىڭ سېپىغا بۇلبۇلنى قوندۇرغان ئەشۇ
روزى تەمبىر، زىكرى ھەم ھۇسەنجانلارغا سالام.
ئابدىگۇل چالسا سۇنەينى جۇملە جاھان ئۇيغىنۇر،
ئابدۇۋەلى، ئەخمەدىي ھەم تۇرانخانلەرگە سالام.
«قارا يورغام»نى مىنىپ، كەپتۇ زوردۇن ـ ئابلاخان،
خەلقىمىزنىڭ بۇلبۇلى ـ ئايتۇرغانلەرگە سالام.
كۇل ـ ئىچىل، بەھرىڭ يېشىلسۇن، ئەي، غېرىپ كوڭلۇم مېنىڭ،
سېنى خۇشۋاق ئەيلىگەن پىرۇ ـ جۇۋانلەرگە سالام!

1948 ـ ژىل، ئىيۇل.

*) ئازات 3 ۋىلايەت خەلقى 1948 ژىلى يازدا ئەڭ ياخشى سەنئەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچى ـ ئوفىتسىرلەردىن ھال سورىغان ئىدى. بۇ شېئىر ئەينە شۇ سەنئەتچىلەرگە بېغىشلاپ يېزىلغان. «جەڭچىلەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

## يوقسۇل قىزىغا

ئەي سىڭلىم، نىمانچە مۇڭلۇق قارايسەن،
چېھرىڭدە كۆرۈنمەس خۇشلىقتىن نىشان.
ئېگىلىپ تۇرسەن بايلار ئالدىدا،
چىرايىڭ كۆرۈمسىز، رەڭگىڭ زەپىران!
بىلىمەن، بىچارە يوقسۇل قىزى سەن،
سېنى كام كۆرسەتكەن ئەشۇ «ئەيىۋىڭ».
شۇڭلاشقا كېدەيگەن بايلار ئالدىدا،
سارغايغان سەبدەچە قەدرىڭ يوق سېنىڭ.
ئۆزەڭنى مۇنچىلىك پەس كۆرمە سىڭلىم،
ئۇيغۇرنىڭ سەنمۇ بىر ئارزۇلۇق قىزى.
ئەگلىڭ كۆرۈمسىز بولسىمۇ سېنىڭ،
قەلبىڭدە پارلايدۇ ۋىجدان يۇلتۇزى!
لىباسقا ئورالغان خوددى سەنەمدەك،
سېنىڭمۇ ھۆسنىڭ بار كۆرەلىگەنگە.
قەلبسىز ژىگىتلەر كۆرەلمەس ئۇنى،
ئۇلارنىڭ كۆزى پەقەت يۈزدىكى رەڭدە!
كۆز يېشىڭ كۆرسەتمە ئۇلارغا ھەرگىز،
ئۆزەڭنى خور قىلما يوقلۇق تۈپەيلى.
مەيلى، ئۇلار سېنى كۆزگە ئىلمىسۇن،
ئۇلاردىن ئالىيراق بىلگىن ئۆزەڭنى!
ئۈمىتسىز بولمىغىن، بەختسىز سىڭلىم،
ئالدىڭدا كۈتىدۇ يورۇق ئىقباللار.
چىراققا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك،
ساڭىمۇ جان ئاتقۇچى ئۆز ئاشىغىڭ بار!

1948 ــ ژىل، سېنتەبىر.

## ژىگىتلەرگە

ژىگىتىم، گۆزەل قىزغا جان ئاتمىغىن،
ئۇ ئۆزى سېنى سۆيۈپ ياراتمىسا.
سەن ئاڭا ئاشىق بولۇپ كويگىنىڭدەك،
ئۇمۇ ساڭا مەشۇق بولۇپ جان ئاتمىسا!
قىزلار بار، چىرايىغا مەغرۇر بولۇپ،
جامالىنى كۆز ــ كۆز قىلىپ داملايدىغان.
جىلۋە قىلىپ، ژىگىتلەرنى ئۇمۇلدۇرۇپ،
قولىنى ئۈتقۇزماستىن ئالدايدىغان.
ئايدەك يۈز ئالتە كۈنلۈك ئۇ بىر زىننەت
گۈللەردەك، چېچەك ئاتقان پەسلى باھار.
كۈز كېلىپ گۈلنىڭ بەرگى سولاشقاندەك،
چىرايى كېتىپ ئۇنىڭ قەلبى قالار...
ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى شۇ:
ئۇ سېنى چىن ژۈرەكتىن سۆيەلىسە.
بىر ئۆمۈر سۆيگىسىگە سادىق بولۇپ،
بارىنى ئايىماستىن بېرەلىسە.
سۆيگىنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن جاننى بېرىپ،
كېرەك چاغدا سۆيۈندۈرۈپ جاننى ئالسا.
تەغدىرىنىڭ قارا بۇلۇتى قاپلىسىمۇ،
مۇھەببەت ئىزىدا چىڭ تۇرالىسا.
سۆيگۈ شۇ، چىرايلىق شۇ، شېرىنمۇ شۇ:
ھاياتتا بىللە ژىغلاپ، بىللە كۈلسە.
بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمۈردە سېنىڭ بىلەن
بىر ژۈرسە، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلسە!

## ھايات ھەققىدە مەسنەۋى

شۇ دۇنيادا نېمە ئەزىز ــ ھاياتلىق ئەزىز،
ھاياتلىقنىڭ قويىنى كەڭرى، سۆيگىسى لەزىز.
ئۆمۈر ئۆتەر گاھى تىنىچ، گاھى دولقۇنلۇق،
كۆڭۈل قالار گاھى خۇشال، گاھىدا مۇڭلۇق.
ياشلىق ئۆمۈر ـ چېچەك ئاتقان خۇددى گۈلباھار
گۈل ئېچىلىپ، قۇشلار سايراپ چاڭىلداپ تۇرار...
قىرىق ياشتا قىران قۇشتەك قىلسەن پەرۋاز،
نى بىر ئۇلۇق ئارزۇلارغا يېتسەن شۇ باز...
كۈز كەلگەندە سەنمۇ گۈلدەك قالسەن سولۇپ،
ئارمان قىلغان، يېتەلمىگەن بىچارە بولۇپ!
ئۆتتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭنى تاپقىلى بولماس،
ئۇچار قۇشتەك ئۇچۇپ ئاڭا يەتكىلى بولماس.
دەرتلىك كۈنلەر كېلە ـ كېلە ئۇپرايدۇ جان
ئاق ئارىيدەك ئاستا خوراپ تۈگەيدۇ ئىنسان!
جان بەرگىدىن ئاستا ـ ئاستا تۆكىلەر ياپراق،
گۈل ئورنىغا قالار پەقەت غازاڭ بولغان باغ
شۇڭا دوستۇم، ھاياتىڭنى بىلگىن غېنىمەت،
ئۆمرىڭنى ئۇلۇق ئىشقا بېغىشلا ئەبەت!

1948 ـ ژىل، ئۆكتەبىر. يەنسخە ي

# باتۇر ژىللار

( نويابر ئىنقىلاۋىنىڭ 4 ژىللىغىغا بېغىشلايمەن )

ژىللار جاللات ئېدى بىر چاغ، يەرلەر گۆرىستان،
ئەلنىڭ يېشى قىزىل قىيان بولۇپ ئاقاتتى.
ئاسمان زۇلمەت ئېدى، ۋادىلار خازان،
قارا تەغدىر ئۈستىمىزدە كۈلۈپ باقاتتى.
ئىنقىلاپ كۈچلىرى ئۆستى – ئۇلغايدى،
ژىللارنىڭ تاغدەك ئېغىر زۇلمى ئاستىدا،
چاقماقتەك ئوت ئېلىپ تۇردى ۋولقانلار...
ۋەتەننىڭ هەر تەرەپ بۇلۇڭلىرىدا...
ئىلقىدىن پارتلاندى ئاخىرقى تەۋرەش،
ئىنقىلاپ جەڭلىرى باشلىنىپ كەتتى...
زۇلمەتنىڭ پەردىسىن ژىرتىپ – تاشلاپ،
قاراڭغۇ ئۆلكىدە يورۇق تاڭ ئاتتى...
بىز باتۇر ژىللارنىڭ ئوتلۇق قوينىدا،
تاۋلىنىپ، كۈنسىرى ئۆرلەپ بارىمىز.
هەر قانداق دۈشمەننى يېڭىپ پاچاقلاپ،
ئاخىرقى غەلبىنى قولغا ئالىمىز...
دوستلۇرۇم، پەخرىمىز، شانىمىز شۇكى:
ياشايمىز زۇلمەتكە قارشى ئوق بولۇپ،
بىز ياشىدۇق زور چېلىش قايناملىرىدا،
هۆر – ئازات زاماننىڭ ئىجادچىسى بوپ.
بىر چاغلار كېلەركى، بىزنىڭ بۇ كۈنلەر،
خۇددى كارۋان يولىدەك ئارقىدا قالار.
جەڭ قىلىپ ئۆتكەن بۇ بىزنىڭ ئۆمۈرگە،
ئەۋلاتلار ژىراقتىن زوق بىلەن قارار...
ئۆمۈر يولىنى ئىجادىم بىلەن ياپىمەن،
ئىجات – ئەمگەك سەهنىسى بوپ ژىللار ئۆتكەندە.
– ژىللار ئۆتەر، بىز ئۆسەرمىز – دەپ ۋاقىرايمەن،
بايراق تۇتۇپ، يېڭىشىسرى ئالغا ژۈرگەندە...
شائىرلىق مۇنبىرىدە تىك كۆتۈرۈپ باش،
كۈرەشچان دەۋرىمگە مەغرۇر قارايمەن.
ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە يېتەر ئۈن بىلەن،
«باتۇر ژىللارغا ئۇررا!» – دەپ ۋاقىرايمەن!

1948 – ژىل، نويابىر.

## ژىللارغا خىتاپ*)

*توختا، ئەي ژىللار، بىهۇدە ئۆتمىگىن،*
*ئوتلۇق خىتاۋىمنى تەكرار يېنىشلايمەن.*
*ساڭا تاپشۇرۇغۇم: دىققەتتە ئاڭلىغىن،*
*جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر بېغىشلايمەن!*

*ئەزەلدىن كۈرەشچان ئوغۇل بولغاشقا،*
*چېلىش قايناملىرىدا ئۆزۈۋاتىمەن.*
*يېڭىشكە ئىشەنچىم كامىل بولغاشقا،*
*غەلىبە تاڭلىرىنى سېزىۋاتىمەن!*

*باهار شامالىرى كەبى پەرۋاز قىلىپ،*
*ئۇخلىغان جانلارنى يەلپۈپ ئويغاتقىن.*
*كىلەچەك يولىغا گۈللەرنى تېرىپ،*
*خەلقىمنى بەختىنىڭ قوينىغا تارتقىن!*

*ئەي، يېڭى ژىل يەنە بىر كەلگىنىڭدە سەن،*
*مەن سېنى قەشقەردە قارشى ئالارمەن.*
*باغلاردا يار بىلەن قوللار تۇتۇشۇپ،*
*خوشال ناخشا ئېيتىپ، سازلار چالارمەن!*

*) بۇ شېئىر «ئالغا» گېزىتىنىڭ 1949 - ژىل، 4 - يانۋار سانىدا بېسىلغان. ئەپسۇسكى، 1950 – ژىلى مەن قەشقەردە ئەمەس، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلمايمىز –دەپ تەشكىللات قۇرغىنىم ئۈچۈن تۈرمىدە قارشى ئالدىم.

# سۆيگۈ خەتلىرى

## (مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ سۆيگەن قىزى بىلەن يېزىشقان خەتلىرى)

**قىز:**

سېنى جەڭگە ئۇزىتىپ يارىم،
ئېغىر ئۆيگە چۆكۈپ كېلىمەن.
چىدالماستىن ھىجران دەردىگە،
كۆز ياش تۆكۈپ، ئۆكسۈپ كېلىمەن.

قالغان چاغدا سېنى ئۇزىتىپ،
يوقاتقاندەك بولدۇم ھوشۇمنى.
سۆيگىنىمدىن ئايرىلدىم، گويا،
ئۇچاردىم مەن بەخت قۇشۇمنى.

ـ ئامان كەلگىن، ـ دېدىم مەن پەقەت،
كەلمەس ئېدى تىلغا باشقا سۆز.
مۇھەببەتنىڭ يالدامىسى ـ دەپ،
ئوڭ قولۇڭغا سالدىم «ياقۇت كۆز!»

«ياقۇت كۆز»نى كۆرگەندە جېنىم،
دىلبىرىڭنى ئەسكە ئالارسەن.
مۇھەببەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن،
جەڭدە باتۇر بولۇپ قالارسەن!

**يىگىت:**

مەشۇقۇم، بىرىنچى خېتىڭنى ئوقۇپ،
ھاياجان ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم مەن.
مۇھەببەت ھىسلىرى بەرىق ئۇرۇپ تۇرغان،
ھەر سۆزنى ژۇرەككە چىگىۋالدىم مەن.

دىلبىرىم، ھېلىمۇ يادىمدا مېنىڭ،
ئىككىمىز چوڭ بولدۇق بىر مەھەللىدە.
يازلىقى باغلاردا غورا ئۈزەتتۇق،
قىشلىقى «ئاغچايلام» ئويناپ ئۆيلەردە.

ئۇ چاغلار بىز تېخى سەبى بالىدۇق،
سۆيگىدىن خەۋەرسىز ئېدى قەلبىمىز.
شۇنىدىمۇ بىز ئىجىل بولۇپ ياشىدۇق،
ژۈرەكتە قالدۇرۇپ ساداقەتتىن ئىز.

ياشلىقتا ئەندىلا قويغاندا قەدەم،
سىرلىق بىر قاراشتا كۆز بېقىشاتتۇق.
قىزىرىپ، كۆرگەندە بىر ـ بىرىمىزنى،
كۆرمىسەك چىدالماي ئىزدىشەتتۇق...

مەشۇقۇم، ھېلىمۇ يادىڭدا باردۇر،
ئىككىمىز تۈنجا رەت ئۇچراشقان جاي.
مەجنۇنتال تېگىدە ئولتۇراتتۇق بىز،
تۆۋەندە شاقىراپ ئاقار ئېدى ساي...

ژۈرەككە سىغمىغان ھاياجان بىلەن
مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە قارىدىم ئۇزاق...
ـ دىلبىرىم، مەن سېنى سۆيىمەن، ـ دېدىم،
لەۋلىرىم لېۋىڭگە چاپلاشتى شۇ چاغ!

گوياكى ئوت ئېدى، سېنىڭ لەۋلىرىڭ،
شۇ ئوتنىڭ تەپتىدە ئېرىپ كەتتىم مەن.
قولىقىمنىڭ تۈۋىدە سىۋىرلاپ تەكرار:
ـ «بىر ئۆمۈر سۆيىمەن سېنى» ـ دەتتىم مەن!

قارا تۈن پەردىسى يوشۇرغان بىزنى،
بۇلبۇللار كەيىندىن مارار ئېدى ئاي.
شۇ ۋىسال دەملىرىنىڭ شېرىن خاتىرى،
ژۈرەكنىڭ قېتىدىن ئالغان ئېدى جاي!..

ئىنقىلاپ دەۋرىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى،
مېنىمۇ ئېلىپ كەتتى قايناملىرىغا.
ھازىر مېنى سورىساڭ ۋەتەن جەڭچىسى،
جېسەكتە تۇرىمەن، ماناس بويىدا...

بوينۇمدا ئاپتومات، بەلدە گىرانات،
جېسەكتە تۇرىمەن، ئاكوپتا ھوشيار...
ـ «دىلبىرىم، كۈت مېنى، يېڭىپ قايتىمەن!» ـ
دەپ قەسەم بەرگىنىم، ژۈرىكىمدە بار!

**قىز:**

ئەۋەتكەن خېتىڭنى ئوقۇپ باتۇرۇم،
شۇ خەتتە ئۆزەڭنى كۆرگەندەك بولدۇم.
ئىككىمىز تۈنجى رەت سۆيۈشكەن جايدا،
سەن بىلەن سەيلىتىپ ژۈرگەندەك بولدۇم.

باتۇرۇم ئىشقىڭغا زادى قانمايمەن،
يارىم! ـ دەپ قانچىمۇ ناخشىلار ئېيتسام.
مەيداندا سېنىڭدەك شۇڭقارىم بىلەن،
ئەرزىيدۇ، جاھاندا قانچە ماختانسام!

كۆرەشلەر قايىنىغان كۈن ۋە تۈنلەردە،
ئاشىقىم، مېنى ئەمەس، ۋەتەننى ئويلا.
تىلىگىم: شۇ ۋەتەن ھۆرمىتى ئۈچۈن،
مېھرۇ ـ مۇھەببىتىم ئۇلغايسۇن ساڭا!

**ژىگىت:**
ئېتىزلىقنىڭ گۈلى ــ دەپ نام ئاپسەن جېنىم،
ئىسمىڭنى ئاڭلاپلا شاتلىققا تولدۇم.
شىددەتلىك جەڭلەردە، ئالغا ژۈرگەندە،
سېنىمۇ يېنىمدا كۆرگەندەك بولدۇم.

ئىش بىلەن ئېلىنىڭ داڭقىنى چىقارغان،
شۇ سەپتە سېنىمۇ كۆرگۈم كېلىدۇ.
ھەر قېتىم سۈيگۈڭنى ئەسلىگەندە مەن،
دۈشمەننى تىزىراق سۈرگۈم كېلىدۇ.

باغرىڭدا سۈيگىنىڭ ئوتى ياندىغاندا،
ۋەتەننىڭ ئىشىنى سۆيۈپ ئىشلىگىن.
ھەر كۈنى ئۈتۈق ئال، رىكورتلار يارات،
ۋەتىنىم قۇۋانسۇن، قىلغان ئىشىڭدىن...

دىلبىرىم، قولۇڭدىن چىققان ھەر باشاق،
دۈشمەنگە ئېتىلغان بىر ئوق بولىدۇ...
سەن قانچە ئىشلىسەڭ، مەن قانچە ئاتسام،
دۈشمەنلەر شۇنچىلىك تېز يوق بولىدۇ...

سەن ئۇندا: زاۋۇت قۇر، ئېتىزدا ئىشلە،
مەن بۇندا دۈشمەننى قىلىمەن ھالاك.
سەن قۇرساڭ، مەن ئۇرسام ــ بىز يېڭىپ چىقساق،
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى بولىدۇ پارلاق!

كۈن يېقىن، دىلبىرىم، ئاشۇ كۈن يېقىن،
ئەتىلا ۋەتەندە ئاتقۇسىدۇر تاڭ.
سەن ئەمگەك قوينىدا داڭ ئېلىپ چىققىن،
مەن ئېلىپ قايتىمەن، ئەلگە شەرەپ ــ شان!

**قىز:**
مەكتۇبىڭنى ئوقۇپ ئاشىقىم،
دەل ئۆزەڭنى كۆرگەندەك بولدۇم.
قول تۇتۇشۇپ خەندەك ئىچىدە،
سېنىڭ بىلەن ژۈرگەندەك بولدۇم.

ــ ئىش قوينىدا غەيرەتكە تولۇپ،
ئۇتۇق ئېلىپ كەل ــ دەيسەن مېنى.
خۇددى ئۆزەڭ كوماندىر بولۇپ،
كۈرەشلەرگە ئۈندەيسەن مېنى!

مەنمۇ ئىشلەپ ئېلى بويىدا،
ئالتۇن ئاشلىق ئۆستۈرمەكتىمەن،
داڭ چىقىرىپ ئەمگەك قوينىدا،
ساڭغا ئاشلىق تولدۇرماقتىمەن.

ئەمگەك تەرى بىلەن خەلقىمىز،
چۆل باغرىغا گۈللەر تېرىيدۇ.
ۋەتەن ئۈچۈن سوققان ژۈرەكنىڭ
ئىسسىغىدا قارلار ئېرىيدۇ!

بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە قول ئەمەس،
ئوزۇق ئىلىم ــ تېخنىكا كېرەك.
ئانا يۇرتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ
ئارزۇسىدا يانىدۇ ژۈرەك!

سەن كەلگەندە دۈشمەننى يېڭىپ،
گۈللەر تۇتۇپ قارشى ئالارمەن.
ۋەتەن ئاسمىنىدا پارلىغان
يورۇق يۇلتۇز بولۇپ قالارمەن!

**ژىگىت:**
بۈگۈن يەنە مەن ئەتىگەن تۇرۇپ،
ئېتىۋاتقان تاڭ ھۆسنىگە باقتىم.
ئۇنىڭ مېھرىدىن قۇۋەتكە تولۇپ،
جەڭ مەيدانىدا قاناتلار قاقتىم.

يادىمدا مېنىڭ، ئېيتقان سۆزلىرىڭ،
ــ تاپشۇردۇم سېنى، خۇدايىمغا ــ دەپ.
قارا كۆزۈڭگە ياش ئالدىڭ شۇ چاغ،
سۈيگەن يارىڭنىڭ تەشۋىشىنى يەپ!

ئىشەنگىن جېنىم، ژۈرەك قېتىدا،
ساقلايمەن ئىشقى مۇھەببىتىڭنى.
ھەر قېتىم جەڭگە كىرگەن چېغىمدا،
تىلغا ئالىمەن سېنىڭ ئېتىڭنى...

ئەزىز ۋەتەننىڭ جەڭچى ئوغلى مەن،
جاننى قالقان قىلىپ ئەلنى ساقلايمەن.
ئانا يۇرتۇمنىڭ ئىشەنچىسىنى،
باتۇرلۇق بىلەن جەڭدە ئاقلايمەن!

**قىز:**
ئەۋەتكەن خېتىڭنى ئوقۇپ ئاشىقىم،
ژۈرەكتە سېغىنىش ئوتى ئۇلغايدى.
نەچچە ژىل ژۈرەكتە ساقلىنىپ ياتقان،
مۇھەببەت يالقۇنى يەنە ئوت ئالدى.

بىلمىدىم، يارسىز ئۆتكەن ئۆمۈرگە،
پەقەتلا غەم بىلەن ھەسرەت يارمىكىن؟
سۈيۈشكەن ژۈرەكلەر قوشۇلسا ئەگەر،
جاھاندا ئۇنىڭدەك لەززەت بارمىكىن؟

ئاشىغىم، بەختىمنىڭ نۇر قۇياشى سەن،
ئويلىسام قەلبىمدە تاڭلار ئاتىدۇ...
– كۆت مېنى، كېلىمەن – دېگەن ئاۋازىڭ
قەلبىمگە ئۈمىتتىن چىراق ياقىدۇ...

ئىشەنگىن، مەن سېنى كۈتىمەن يارىم،
زارىقىپ كۈتكەندەك غېرىپىنى سەنەم.
بەرداشلىق بېرىمەن ھېجران ئوتىغا
ئازاپتىن خۇن بولۇپ ئاقسىمۇ سىنەم!

**ژىگىت:**
ۋەتەن سۆيگەن قەلبىم بىلەن سېنى سۆيۈمەن،
چۈنكى سەنمۇ شۇ ۋەتەننىڭ بىر قىزىل گۈلى.
ئەلگە كۆيگەن ئىشقىم بىلەن، ساڭا كۆيۈمەن،
چۈنكى سەنمۇ ئېلىمنىڭ بىر يورۇق يۇلتۇزى!

سەندەك گۈزەل ھۆر قىزلىرى بولمىسا ئەگەر،
جەننەت بولۇپ كۆرۈنمەستى ۋەتىنىم ماڭا.
سەندەك يورۇق يۇلتۇزلىرى يانمىسا ئەگەر،
بەخت تېگىم ئاتماس ئىدى، قىزىرىپ ساما.

سېنىڭ ئىللىق مېھىر بىلەن قاراشلىرىڭدىن،
ئانا ۋەتەن مېھرىنىڭ تەپتى كېلىدۇ...
– ياۋنى يېڭىپ ئامان قايت! – دەپ
تىلەشلىرىڭدىن،
خەلقىم قەلبى ساداسىنىڭ ئەكسى كېلىدۇ!

شۇڭا ۋەتەن گۈزەللىگىنى كۆرسەم ھەر قاچان،
سېنىڭ ھۆسنى جامالىڭغا قىياس قىلىمەن!
ئانا يۇرتنىڭ مۇھەببىتى ئۆرتىسە دىلنى،
سېنىڭ تازا ئىشقىڭ بىلەن يېنىپ كېتىمەن!

**قىز:**
ئۈيقىسىز تۈنلەردە يۇلتۇزغا بېقىپ،
ئاشىغىم، مەن سېنى ئويلاپ كېتىمەن.
ئايرىلىش ئازاۋى ژۇرەككە پېتىپ،
ئىلاندەك تولغىنىپ، سويلاپ كېتىمەن،

خىياللار ئارىلاش كەتسەم ئۈيقىغا،
ھەجەپ بىر كارامەت چۈشنى كۆردۈم مەن.
چۈشۈمدە: سەن بىلەن قولنى تۇتۇشۇپ،
ئىلىنىڭ بويىدا ژۇرگەندەكمىشمەن!

ئويغۇنۇپ، قارىسام: بۇ چۈشۈم ئىكەن!
كۆزۈمدىن كەتمىدى جۈسۈنىڭ ئۇزاق.
ئىھ، شۇ چاغ ژۇرەكتىن ئۆرلىدى ھەسرەت،
ئوت بولۇپ جىسمىمنى كۆيدۈردى پىراق!

تاكى تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماستىن،
لەززەتلىك خىياللار قوينىدا ئاقتىم.
– بۇ چۈشۈم – بەختىنىڭ بىشارىتى دەپ،
ئەتەمگە ئۈمىتلىك كۆز بىلەن باقتىم!

**ژىگىت:**
مەشۇغۇم، رەسىمىڭنى قولۇمغا ئېلىپ،
ئالدىمدا ئۆزەڭنى كۆرگەندەك بولدۇم.
خىيالەن، شۇ تاپتا قېشىڭغا بېرىپ،
سەن بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرغاندەك بولدۇم.

قۇياشنىڭ نۇرىدەك چېھرىڭدىن جېنىم،
ژۈرەككە تۈگىمەس كۈچ – قۇۋەت ئالدىم.
ئىھ، شۇ چاغ سۆيگىنىڭ دولقۇنلىرىدا،
يالغۇز بىر يەلكەندەك ئاستا چايقالدىم.

بوستاندەك چېچىكىڭنى كۆرگەن چاغدا مەن،
يۇرتۇمنىڭ باغلىرىنى كەزگەندەك بولدۇم.
ئېغىزنى چىڭ ژۇمۇپ قاراشلىرىڭدىن،
نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى سەزگەندەك بولدۇم!

مېھرىلىك ۋە لېكىن جىددى قارىشىڭ،
ۋەتەننى قوغداشنى بۇيرۇيدۇ ماڭا.
غەزەپتە تۇرۇلگەن قارا قاشلىرىڭ،
ھوجۇم كاماندىسى بوپ باشلايدۇ ئالغا!

مەن جەڭگە كىرىمەن، جاننى قالقان قىلىپ،
قوغداشقا ۋەتەننى، خەلقىمنى، سېنى...
مەشۇغۇم، باتۇرلىغىمنى بىلمەكچى بولساڭ،
رادىئو دولقۇنىدىن ئاڭلىغىن مېنى!

**قىز:**
ئاشىغىم، خېتىڭنى ئوقۇپ بىرمۇ – بىر،
قەلبىمدە مۇھەببەت يەنە ئوت ئالدى.
سېنىڭدىن نېمىنى يوشۇراي جېنىم،
سېغىنىش ئازاۋى قىينىدى جاننى!

ئىھ، مېنىڭ قۇرغۇيدەك قانىتىم بولسا،
قۇش بولۇپ ئۇچسامدە قولۇڭغا قونسام.
كۆرەشلەر قاينىغان كۈن ۋە تۈنلەردە،
مەن سېنىڭ يېنىڭدا ھەمرايىڭ بولسام!

سەن جەڭگە كىرگەندە يالقۇنجاپ يېنىپ،
ئۇسسۇلۇق سۇ بېرىپ تەشناڭنى باسسام.
جەڭلەردە يارىدار بوپ قالساڭ ئەگەر،
ھەمشىرەڭ بولۇپ مەن ياراڭنى تاڭسام!

سەن جەڭدىن قايتقاندا دۈشمەننى يېڭىپ،
گۈلدەستە كۆتىرىپ ئالدىڭغا چىقسام.
يالقۇنلۇق مېھرىڭ تەپتىدە ئېرىپ،
ژۈرەكتە ھىجران دەردىن ئىقتسام!

**ژىگىت:**

«سېغىندىم سېنى ـ دەپ خەتلەر يېزىپسەن،
بىر ـ بىردىن شېرىن، بىر ـ بىردىن ساز...
لېكىن مۇھەببەتنىڭ هارارىتىنى
ئىسپات قىلىش ئۈچۈن تېخى بۇلار ئاز!»

( ئۈيغۇن)

ھەقىقىي مەشۇقە بولماقلىق ئۈچۈن،
كېرەكدۇر ئىرادە، مەتانەت، غەيرەت...
سەن ئىشتا شۇنچىلىك ئۈتۈق ئالغىنكى:
غەلبە كۈنلىرى كەلسۇن تېزىرەك.

ئۇ كۈنلەر كېلىدۇ مۇقەررەر، ئېنىق،
قاراڭغۇ تۈن كېتىپ، تاڭلار ئاتقاندەك...
بەختىمىز گۈللىرى ئېچىلار شۇندا،
باھار شاملى يەلپۈپ، يامغۇر ياققاندەك.

مەشۇغۇم، شۇ كۈنلەر كۆرىشىمىز بىز،
قۇۋانغان، بەختىيار تاڭلار ئالدىدا...
سەن كۈتكەن، سەن مۇڭغا چۆمگەن بۇ كۈنلەر،
قورقۇشلۇق بىر چۈشتەك قالار ئارقىدا...

مەشۇغۇم، سەن مېنى چىدام بىلەن كۈت،
مەن چوقۇم جەڭلەردىن ئامان قايتىمەن!
ئۆلۈمدىن ئىچۈك، ئامان قالغانلىغىمنى،
ئەي، دىلبەر، پەقەتلا ساڭا ئېيتىمەن!

**قىز:**

ئاشىغىم، سەن يېنىپ كەلدىڭ ئاخىرى،
ئاسماندىن قۇيۇلغان يۇلتۇزدەك ئېقىپ.
باسقۇنچى دۈشمەننى يەڭگىنىڭ ئۈچۈن،
كوكسوڭگە «باتۇرلۇق» مىداللار تېقىپ...

ھىجران تۈنلىرى، مەن سېنى ئويلاپ،
كىتەتتىم لەززەتلىك خىيال قوينىغا...
دەردىمنى بىرمۇ ـ بىر ئېيتقۇم كېلەتتى،
ئېسىلىپ كىمنىڭدۇ مەغرۇر بويىنىغا...

كەل، ئەمدى ئاشىغىم، قۇچاقلىشايلى،
قۇياشتەك مېھرىڭگە تويۇپ ئالاي مەن...
جەڭلەردە يېڭىپ كەلگەن باتۇر ژىگىتنىڭ،
ئۆمۈرلۈك جورىسى بولۇپ قالاي مەن...

بىز شۇنداق ئاتەشىن سۆيىشەيلىكى:
ھىجران مۇزى ئېرىپ، سېرىلىپ كەتسۇن.
تۆرت ژىل ئىنتىزار بولۇپ يالچىغان
ژۈرەكلەر شاتلىقتىن يېرىلىپ كەتسۇن!

**ژىگىت:**

مەن جەڭدىن كېلىمەن، مېنىڭ مەشوغۇم،
ئېزىلگەن ئېلىمگە ئازاتلىق ئېلىپ...
بۇ يېڭىش بىزلەرگە ئاسان كەلمىدى،
ئالدۇق بىز قان كېچىپ، قۇربانلار بېرىپ...

دىلبىرىم، جەڭلەردە يېڭىپ كەلدىم مەن،
چۈشىسىمۇ نى ئېغىر كۈنلەر بېشىمغا.
كەلدىم مەن ئۆلۈمنى داغدا قالدۇرۇپ،
چاڭمۇ قوندۇرماستىن قارا قېشىمغا...

جەڭلەردە ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئىدىم مەن،
مۆجىزە بولدىدە قايتا تىرىلدىم...
مېنى ئۆلۈملەردىن ئامان قالدۇرغان،
مەشۇغۇم، ئۇ سېنىڭ ساپ مۇھەببىتىڭ!

سەن ئەمدى قۇۋانغىن، دىلبىرىم مېنىڭ،
غەم سايە سالالماس ئايدەك يۈزەڭگە.
خوشاللىق ياشلىرى تىزىلار بۇگۈن،
بەختىتىن چاقنىغان قارا كۆزۈڭگە!

1945 ـ 1948 ـ ژىللار، ماناس ـ شىخۇ ـ يەنسىخەي.



# غەزەللەر*)

## شائىر دوستۇمغا

ياتما شائىر، سەيرتىپ ئۇچماققا پەرۋاز، قاق قانات،
دەۋرىمىز يۈكسەك زامانە ئالغا ئىنتىلگەن ھايات!
بىل غەنىمەت، تىرىلىش ھەم تەۋرىنىشنىڭ پەيتى بۇ،
چىقما جەڭ مەيدانىدىن تا، ۋەتىنىڭ بولماي ئازات.
ئالغا باس، دادىل قەدەملەر بىرلە ئىستىقبالغا ۋۇر،
يوللىرىڭنى توسسىمۇ، ھەر قانچە مۇشكۇل تىلسىمات!
ئەل ئۈچۈن چەككەن جاپالار بىلىنۇر راھەت ساڭا،
گەر كۈرەش مەيدانىدا بولسا، شىجائەت - ئىجتىھات.
سەن ئەگەر خەلقىڭنى توغرا يولدا باشلاپ ۋۈرمىسەڭ،
مىللىتىڭ مەھكۇم بولۇپ قالۇر زۇلۇمدا مەڭگۈ بات!
شائىرىم سەنمۇ تىرىش، يازغىن كۈرەش ئەشئارىنى،
تاكى بولسۇن خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى پارلاق نىجات!

## بار

ئايا دوستلار، بۇ ئالەمدە، سۈيەرگە مەڭگۈ يارىم بار،
ئاڭا سادىق بولۇپ ئۆتمەك ئۈچۈن ئەھدۇ - قارارىم بار.
رەقىپلەرنىڭ ئاياغىدا خاراپ بولمىش ئېسىل يۇرتلار،
ئېچىلماستىن غازاڭ بولغان، چىمەندە لەيلىزارىم بار.
كۆزىن ئاچسۇن ئۇ مەلئۇنلار، بېغىمدىن ئايىغىن تارتسۇن،
ئاڭا قارشى سەپەردە مەن، قولۇمدا زولپىقارىم بار!
مېنىڭ ئازات ئاۋازىمنى ئىگىز تاغلار تورالمايدۇ،
بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن جاراڭلىق خوش سادارىم بار.
ئايا ئۈچقۇن سېغىنساڭمۇ ئۇمىتنى ئۈزمىگىن ياردىن،
ۋىسالىغا يېتەرمەن - دەپ يولىدا ئىنتىزارىم بار!

## جانان بىلەن

ئەي، ۋەتەن ئىشقىڭ سېنىڭ جىسمىمغا كىردى جان بىلەن،
مەن سېنى سۈيدۈم، ياراتتىم ئەڭ تازا ۋىجدان بىلەن.
تازا ئىشقىڭ نۇر بولۇپ، كىردى ۋۇرەكىمگە مېنىڭ،
بار ۋۇجۇدىم نۇرئالدى، سوۋۇماس گۈلخان بىلەن.
بىر ئۆمۈر ئاشىق بولۇبان سۈيدۈم ئەي خەلقىم سېنى،
ئۆمۈرۈم ئۆتسۈن جاھاندا، شۇ تازا ئىمان بىلەن.
ئەي ۋەتىنىم، سەندىن ئۆزگە سۈيگىنىم يوقدۇر مېنىڭ،
نېمە ئارمان ئۆمرۈم ئۆتسە، سەن كەبى جانان بىلەن.

*) ۋۇقۇرىدىكى غەزەللەر 1948 - ۋىلى يازدا
«ئىنقىلاۋى شەرقى تۈركىستان» ۋە «ئالغا» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

# ئازات ۋەتەن ھەققىدە ناخشىلار*)

## ( نويابىر ئىنقىلاۋىنىڭ 4 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن )

## 1

ئۇيغۇرستان ـ ئازات ۋەتىنىم،
داڭق ۋەتىنى، شانلار ۋەتىنى...
يەر يۈزىنىڭ جەننەت بېغى بۇ،
بەخت ۋەتىنى ھۆرلەر ۋەتىنى...
تەبىئىتى گۈزەل بۇ ئەلنىڭ،
ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن قىش بار،
دىلدا شېرىن ھىسلار ئويغىتىپ،
يەلپۈنىدۇ ياپ ـ يېشىل باھار.
گۈلچىچەككە ئورالغاندا ياز،
كۆكۈللەر شات يايراپ كېتىدۇ.
چىمەنلەرگە مەدھىيە ئوقۇپ
بۇلبۇللىرى سايراپ كېتىدۇ.
ياقۇت ياپراقلىرى تۆككەن كۈز،
شاخلىرىدىن بېرىدۇ ھەسەل.
بىلمىدىم مەن يورۇق ئالەمدە
ئەل بارمىكىن بۇنچىلىك گۈزەل؟
ئېمىسىنى ئېيتاي، بۇ ئەلنىڭ،
خىيالدىكى جەننەتنىڭ ئۆزى.
نەغمە ياڭراپ، كۈيلەر جاراڭلاپ،
سايراپ تۇرار كېچە ـ كۈندۈزى.
سەھەر تۇرۇپ ھۆسنىگە باقساڭ،
گۈزەللىككە كۆز قامىشىدۇ.
خوشاللىغىڭ سىغماي يۈرەككە،
كۆزلىرىڭگە ياش يامىشىدۇ.
مۇندا يوقدۇر قايغۇ ۋە ئەلەم،
يۈرەكلەرنى ئەزگەن نادامەت.
بۇ ۋەتەندە مەڭگۈ يوقالغان،
ھوقۇقسىزلىق دېگەن كاساپەت!
نەگە بارساڭ ئۆز ئۆيۈڭدىسەن،
ۋەتەن ساڭا شەپقەتلىك ئانا.
تېتىكلىنىپ قانچە ئىشلىسەڭ،
ئىش مېھرىگە تويمايسەن يانا.
ھارساڭ ئۇنىڭ مېھرىۋان-ئىسسىق،
باغرىغا باش قويۇپ ياتسەن.
ئۇنىڭ يۈرەك سوقىشىنى ئاڭلاپ،
تاتلىق ئۇيقىغا كېتىپ قالسەن!

سەھەر شېرىن ئۇيقىدا ياتساڭ،
قەلبىڭنى بىر كۈي تەۋرىتىدۇ:
بۇ كۈي بىلسەڭ سائادەت كۈيى،
ئېيتساڭ جېنىڭ ياشناپ كېتىدۇ...
ئازات ئەلدە ياشىغىنىڭنى،
سېزىپ ھەر تاڭ خوشال تۇرسەن.
تېتىكلىنىپ، يېڭى ئۆمۈر ۋە
يېڭى ئىشنى قارشى ئالسەن!
ياشاش قىزىق بۇنداق ئۆمۈردە،
ھايات ساڭا كۈندە بەزمە ـ توي.
ياشاش ئىشقى قىزدۇرۇپ تەننى،
يۈرىكىڭدە كۈي ئاقىدۇ كۈي...
ئىلى ـ مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم،
قوينۇڭ ئاۋات، ئەللىرىڭ ئازات.
قۇچىغىڭدا ياشايمەن كۈلۈپ،
نېمە دېگەن شېرىن بۇ ھايات!
ئازات ۋەتەن، سەندە ياشىسام،
بەخت كۈيى تەۋرىتىدۇ...
قۇچىغىڭغا ئەركىلەپ ئۆتكەن،
بىر كۈنىڭگە نېمە يېتىدۇ؟!
ئەي، ۋەتىنىم، سەندە تۇغۇلۇپ،
مېھرىڭ ئىچكەن بولمىسام ئەگەر.
مېنىڭ دۇنيادا ئادەم بولۇپ،
ياشىغىم بولاتتى بىكار...
ئىلى، سەندىن كەتسەممۇ يىراق،
ئانام سەن ـ دەپ ياد ئېيتىپ يۈردۈم.
كۈندۈزلىرى سېنى سېغىنسام،
كېچىلىرى چۈشۈمدە كۆردۈم...
ئەي ۋەتىنىم، پۈتكۈل ئۆمرۈمدە،
ئاشىق بولۇپ سېنى سۆيۈمەن.
مەيلى كۆرەي، مەيلى كۆرەلمەي،
شېرىن ئوتلىرىڭدا كۆيۈمەن!
ئۆلسەم جىسمىم چەتلەردە ئەمەس،
ئانا يۇرتىنىڭ باغرىدا قالسۇن.
مۇھەببەتىنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
قەبرەمدىمۇ لوغۇلداپ يانسۇن!


1948 ـ يىل، ئىيۇل، يەنسخەي.

*) ئازات ۋەتەن ـ ئازات بولغان 3 ۋىلايەتنى نەزەردە تۇتىدۇ.

## 2
## (مۇسەددەس)

ئوت شائىرمەن، ژۈرىكىمدە يالقۇنلىرىم بار،
ئىلھامىمدا دەريا ـ دەريا دولقۇنلىرىم بار.
تاڭ نۇرىدەك قىزىق، تازا ھىسلىرىم بىلەن،
ئەي ۋەتىنىم، ساڭا ئاتاپ، ناخشا ئېيتقۇم بار.
*ۋەتىنىم ـ دەپ ناخشا ئېيتسام خۇش ئاۋازىم بار،*
*ئاۋازىمغا تەڭكەش قىلغان خوشال سازىم بار.*
ئۇيغۇرستان ! ـ نامىڭ تىلغا ئالسام ھەر قاچان،
ژۈرىكىمدە ئويغىنىدۇ، سۆيگى، ھاياجان !
ساڭا دېگەن ساپ مۇھەببەت، ئوتلۇق ھارارەت،
ۋۇجۇدىمغا كۈچ بېرىدۇ، ژۈرەككە دەرمان.
*دۇنياغا تەڭ قىلمايدىغان شانلىق ئېلىم بار،*
*پەخىرلەنسەم ئەرزىيدىغان قۇتلۇق يېرىم بار!*
ئەي ۋە تىنىم، بىر زامانلار سەن ئىدىڭ بىمار،
كەلگۈندىلەر ئەزىز ئىدى، ئۆز باللىرىڭ خار.
نەچچە مەرتە كۈرەشلەرگە چىقسىمۇ خەلقىڭ،
ھامان شۇنداق ئۆتەر ئىدى ئايلار ۋە ژىللار.
*ئەشۇ قارا زامانلارغا نەپرەت ئۆچۈم بار،*
*ئاسارەتنى كوككە ئاتار قۇدرەت كۈچۈم بار.*
ئاسمىنىڭدا چاقتى چاقماق، گۈرۈلدەپ بوران،
ئېزىلگەن ئەل دولقۇنلىنىپ، كۆتەردى ئىسيان.
زورلۇق ـ زۇلۇم دۇنياسىغا يالقۇنلار چېچىپ،
ئاتتى نىلقا تاغلىرىدىن غەزەپلىك ۋولقان !
*ۋەتىنىمدە يورۇپ ئاتقان، قۇتلۇق تېڭىم بار،*
*ئاشۇ تاڭدا تۆرەلگەن ھۆر ـ ئازات ئېلىم بار.*
قۇل ئىدۇق بىز، ئازات خەلق بولۇپ تۇغۇلدۇق،
چېلىشلاردا ئۇلغايدۇق بىز قۇدرەتكە تولدۇق.
ئەجداتلارنىڭ ئارزۇسىغا يېتىپ بىر يولى،
ئازات شەرقى تۈركستان ـ دەپ ئەلگە تونۇلدۇق.
*مېنىڭ ئازات ئەللىرىمنىڭ ئەۋزەللىگى بار،*
*يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق گۆزەللىگى بار.*
ئازات ئېلىم قۇياش ئوخشاش نۇرلاپ بارىدۇ،
كۈندىن كۈنگە كامال تېپىپ، گۈللەپ بارىدۇ.
ئۇچرىغان توسقۇنلارنى يېڭىپ، ئىلگىرلەپ،
مۇستەقىللىق پەللىسىگە ئۆرلەپ بارىدۇ.
*قانات قېقىپ ئورلەۋاتقان شانلىق ئېلىم بار،*
*ئۇنى ئالغا باشلاۋاتقان دانىشلىرىم بار!*

1948 ـ ژىل، ئاۋگۇست، يەنسخەي.



# نويابر شەنگە مۇسەددەس

( نويابر ئىنقىلاۋىنىڭ 4 يىللىق تويىغا بېغىشلايمەن )

گۈلدۈر قاراس چاقماق چېقىپ ئوتلار ياندى،
شۇۋۇرغانلىق قارا بوران ئۇرۇپ تۇرغاندا،
شىرلار كەبى نەرە تارتىپ جەڭگە ئاتلاندۇق،
زورلۇق – زۇلۇم قايناپ تېشىپ ئەۋج ئالغاندا.

تەگرىتاغدا چاقتى چاقماق، ئېتىلدى ۋولقان،
زالىملارنىڭ تاجۇ ـ تەختى بولدى كۆل تالقان!

باسقۇنچىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىن غۇلاتتۇق،
مۇستەملىكە قورغىنىنى كۆكلەرگە ئاتتۇق.
قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرگەن قالاق بىر ئەلدە،
پارلاپ تۇرغان لاۋھە ياڭلىق بوستان ياراتتۇق!

نويابرنىڭ تېگى ئاتتى، چىقتى نۇر قۇياش،
مەھكۇم مىللەت ئۆز ئېلىگە ئۆزى بولدى باش!

بەختىمىزنى كۆرەلمىگەن ئەسلى دۈشمەنلەر،
ۋەھشىيانە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كەلدىلەر.
كوكىرەكنى قالقان قىلىپ ۋەتەن قوغدىدۇق،
ئالتاي، ساۋەن تاغلىرىدا قىزىلدى جەڭلەر!

كۈرەشلەردە يېڭىلىپ تۇرغان يالقۇن ئوت بولدۇق،
ياۋ سېپىنى تىتىپ تاشلار بولات ئوق بولدۇق!

بىر ۋەتەندە ياشاپ كەلگەن خەلقلەر ھەمدەم،
قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن باغلاندى مەھكەم.
دوستلۇق گىمنى ۋاقىرايمىز بار ئاۋاز بىلەن،
چۈنكى بىزنىڭ ئىرادىمىز پولاتتىن مەھكەم.

ئازات ئەل بىز، ئەركىمىزنىڭ شاھان شاھى بىز،
بەخت سائادەت ئاسمىنىنىڭ يورۇق ماھى بىز!

ۋەتىنىمدە نۇر چاچىدۇ سائادەتلىك كۈن،
لېكىن يەتتە ۋىلايەتتە تېخى قارا تۈن.
ئىشىنىمەن، ئاشۇ قارا تۈنلەرنى سۈرۈپ،
ئۇ يەردىمۇ تاڭ ئاتىدۇ، مۇقەررەر ئۇ كۈن،

ئويغان ئېلىم، قوزغال ئېلىم، ئۆركەشلە ھامان،
ئۇيغۇرستان ۋەتىنىمدە بولسۇن ھۆر زامان!

1948 – يىل، نويابر.

# ھۆر ۋەتەننىڭ ئوغلىمەن

يەر يۈزىگە داڭقى كەتكەن داڭلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر، شانلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.
گۈللىنىپ تۇرغان باراقسان باغلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
پارلىغان خۇرشىدى ئاسمان ياڭلىغ ئەلنىڭ ئوغلىمەن.

ئۇيغۇرستان! دەپ ئېلىم بار، ماختىنىسام ماختانغىدەك،
ـ مانا مېنىڭ ۋەتىنىم! ـ دەپ ئېيتسا دىل شاتلانغىدەك.
مەرت ئوغۇل، بەرنا قىزى بار، سۆيسە ژۇرەك قانغىدەك،
قانچە ئېيتسام تۈگىمەس، سۇمباتلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.

بۇ جاھاندا بارمىكىن، مېنىڭ ئېلىمدەك ھۆر ۋەتەن،
خەلقى شات، قوينى ئاۋات، ئاسمانى نۇر ۋەتەن.
بايلىغى، گۆزەللىگىلە، بارچىگە مەنزۇر ۋەتەن،
بەخت كۈيى ياڭرىغان كوشاتلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.

ۋەتىنىم ـ ئالتۇن دىيارىم، سۆيگىنىم، جانىم مېنىڭ،
ئىپتىخارىم، كۈچ مادارىم، شاۋكىتىم، شانىم مېنىڭ.
شۇ ۋەتەن قوينىدا ئۆتتى ئەركە دەۋرانىم مېنىڭ،
جانغا ئىشق ئوتىنى ياققان، مەشۇق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.

قارا زۇلمەت قاپلىغاندا، ۋەتىنىمنى بىر زامان،
چاقتى چاقماق،تەۋرىدى يەر، ئۇردى غەزەپلىك بوران.
قارا تۈنلەرنى سۈرۈبان، ئاتتى نويابىردا تاڭ،
ئازاتلىقنىڭ، تېڭى ئاتقان، تاڭلىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن!

ئېلىخانتۆرەم چىقىپ مۇنبەرگە خەلقىم ئالدىدا،
ئېلى ئازات بولدى ـ دەپ قىلدى ئالەمگە جاكا.
خۇش بولۇپ شاتلاندى خەلقىم، ياڭرىدى نەغمە ـ ناۋا،
يېڭى دۇنيانى ياراتقان قۇتلۇق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.

ئىنقىلاپنىڭ قاينىمىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەشكە بىز،
مەلئەنەت ياۋنى يوقاتتۇق، كۆيدۈرۈپ ئاتەشتە بىز،
ئەمدىلا تۆرت ياشقا كىردۇق، يەنە ھەم ئۆرلەشتە بىز،
بەختىيار زامان ياراتقان خالىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن!
1948 ـ ژىل، نويابىر.

---

## ئوتلۇق قەسەم*)

مەن تۇغۇلۇپ كۆزۈم ئاچتىم بۇ ۋەتەندە،
رىزقىم بولدى ئېلىمنىڭ ناز ـ نېمەتلىرى...
جىسمىم ۋەتەن تۇپرىغىدىن تۆرەلگەندۇر،
تامچە قېنىم ـ ۋەتەننىڭ ئاب ـ شەربەتلىرى...

يادىمدا بار، مېنىڭ ياشلىق ژۈرىگىمدە،
يالقۇنلىنىپ يانغان ئېدى ۋەتەن ئىشقى...
ـ ۋەتىنىم! ـ دەپ تىلىم چىققان يۈگىمدە،
ئاق سۈت بىلەن سىڭگەن ماڭا ئۇنىڭ مېھرى!

ئۇيغۇرستان ـ ئەڭ قەدىرلىك ئانام مېنىڭ،
مېھرى بىلەن مېنى ئازلاپ ئۆستۈرمەكتە.
شەپقەتلىك، قۇچىغىنى ئېچىپ ماڭا،
ھۆر ـ ئازادە باغلىرىنى كەزدۈرمەكتە!

كۆز تاشلىسام ئەگەر ۋەتەن تارىخىغا،
ھەر بېتىدە ئۆچمەيدىغان شانىنى كۆردۈم.
ئاسيانىڭ ھاكىمى دەپ ئاتاق ئالغان،
ئوغۇزخان ھەم بايانچۇردەك خانىنى كۆردۈم.

بىلدىم شۇندا، ئۇيغۇر ئېلىم ـ قۇتلۇق ماكان،
مېنىڭ باتۇر ئەجداتلىرىم روزىغارى...
شۇ قەھرىمان ئاتىلاردىن مىراس قالغان،
ئەمگەك بىلەن ئاۋات قىلغان گۈلىستانى...

ئەينە مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يېقىن ئۆتمۈش،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ ئەرلەر.
رەقىپلەرگە قەھرى ئوتلۇق، قەلبى خۇرۇش،
جاھانگىرخان، سادىر كەبى قەيسەرلەر...

باتۇر ئەرلەر كۈرەشلەردە بولسا قۇربان،
ساپ قانلىرى دولقۇن ئۇرۇپ يەردە ئاققان.
قىلىچ ـ قالقان، ساۋۇتلىرى چۆلدە قىلىپ،
مىنگەن ئېتى كوككە كىشنەپ، پىغان قىلغان!

ۋۇجودىمدا يوقمۇ شۇنداق كۈرەشچان قان،
نېمە ئۈچۈن ياۋۇزلارغا قۇل ئىمشمەن؟
دېدىم شۇندا، نەرە تارتتىم: ـ ئېلىم ئويغان،
ئەلنى ئازات قىلماق ئۈچۈن چېلىشقىن سەن!

ئات ئوينىتىپ، قىلچىمنى يالتىرلىتىپ،
ۋەتەن ھەققى كىردىم كۈرەش مەيدانىغا.
نى قەھرىمان مەرت ژىگىتلەر شېھىت بولدى،
ئات ئۈزدۈرۈپ قىزىل قانلار دەرياسىدا!

ئەينە ھازىر ئاڭلىنىدۇ، تاغلار ئارا،
شېھىتلارنىڭ قەۋرىسىدىن مۇڭلۇق ئاۋاز.
«ياۋ قولىدا خار بولغان ئىست، خەلقىم»!ـ
دەپ ھەمىشە ھەسرەت چېكەر روھى پەرۋاز!

ئاڭلىغاندا يەر ئاستىدىن بۇ ئاۋازنى،
سەسكىنىپ بىر كۆزۈم ئاچتىم غەيرەت بىلەن.
ئازاپ چەككەن مىللىتىمنىڭ ئاھۇ ـ زارى،
ئاڭلانغاندا چىدالمىدىم، تاقەت بىلەن!

شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە جەڭگە ئىنتىلدىم مەن،
سانسىز قەبىھ ياۋ ئۈستىگە ئاتنى سالدىم.
مىراس قىلىپ بوۋام تۇتقان زۇلپىقارنى،
يەردە ياتقان ئېسىل تىغنى قولغا ئالدىم!

سۆيگەن ئانا يۇرتۇم ئۈچۈن كۈرەشلەردە
ئۆلسەم ئەگەر ئارمىنىم يوق، شات كېتەرمەن.
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشلەردە ئۆتەر ئۆمرۈم،
ئۆلگەندىمۇ ۋەتىنىمنى ياد ئېتەرمەن!

ئەگەر ئۆلمەي ئامان بولسام ئۆزەم تەييار،
ئۇيغۇرۇمنىڭ بەختى ئۈچۈن جان بېرىمەن...
شۇ چاغدىمۇ ئىنتىقامىم ئېلىڭلار! ـ دەپ،
ئەۋلادىمنى كۈرەشلەرگە چاقىرىمەن!

قەسىمىم شۇ: ئات ئۈستىدىن چۈشمىگەيمەن،
تاكى ياۋۇز شۇم رەقىپلەر يوقىمىغۇنچە...
قىلچىم قىنىغا ھەم سېلىنمايدۇ،
ئۇيغۇرستان ئېلىم ئازات بولمىغۇنچە!

*) بۇ شېئىر ـ «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ
1949 ـ ژىلقى 4 ـ سانىغا بېسىلغان)

# ھەلىمەگە مەدھىيە *)

ئايا دوستلار، گۈزەللىكنى سۆيمەس بىر ئىنسان بارمۇ؟
گۈزەللىكتىن دىلى خۇش بولمىغان ئالەمدە جان بارمۇ؟
گۈزەللىكنى سىزىشقا قايسى رەسسام بولمىغان ئاشنا؟
گۈزەللىكنى يېزىشقا قايسى شائىر بولمىغان تەشنا؟
گۈزەللىك ھەم لىۋەنلىكنىڭ پىرى ئەرمىش ھەلىمە قىز،
ئاڭا مەدھى ئوقۇپ مەنمۇ ئەزىم يازدىم، كۆرۈڭچۇ سىز:

* * *

ئېچىلدى پەردە بىردىنلا، كۆرۈندى سەھنە ئازادە،
ئۇنىڭ ئارتىدا ئورمانباغ ـ يەنىسخەي گۈزەل ۋادە.
چىقىپ سەھنىگە بىر قىزچاق، سالام تەزىم بىجا قىلدى،
مۇنايىم ئېگىلىپ ئاستا، ئىلىپ قەددىنى يا قىلدى.
ئۇنىڭ ھۆسنى ـ گۈزەل رەنا، نازۇك ـ ئەۋرىشىم بىر ھال،
كۆزى چولپان، قېشى يادۇر، سۇمبۇل چاچلىرى تال ـ تال.
مۇنايىم بىر يېنىك ھەرىكەت بىلەن قىز قايرىلىپ تۇردى،
يېقىملىق بىر تەبەسسۇم ئەيلىگەچ پەرۋاز قىلىپ يۈردى.
ئۆزۈن ئۆتمەي «سابا»نىڭ مەرغۇلى بىرلە چېلىندى ساز،
مۇقامغا جۆر بولۇپ ئاستا جاراڭلاپ كەتتى خۇش ئاۋاز:
«سابا يۈرگىن، سالامىمنى يېتۈرگىن كويى دىلدارە،
پەرىشان خاتىرەمدىن ئەرز قىل ئەي ئازىنىن يارە...»
كۆتەردى قىز ئاۋازىنى، جاراڭلاپ كەتتى ئورمانباغ.
«سابا»نىڭ قانىتى بىرلەن، ئۇچۇپ بولدى كۆكۈللەر چاغ!
موزىكا پەدىسىن يۆتكەپ، شوخ كويگە چېلىندى ساز،
ھەلىمە قىزمۇ جۆر بولۇپ، سايراپ كەتتى خۇش ئاۋاز.
ـ «ۋەتەنىنىڭ ياش گۈلىدۈرمىز، ئېچىلىمىز، يايرايمىز،
سائادەت بۇلبۇلىدۇرمىز، ئازات گۈلشەندە سايرايمىز!»
بۇ ناخشىنى ئېيتقان قىز ئۆزى ھەم گۈلگە ئوخشاتتى،
جاراڭلىق خۇش ئاۋازى ھەم گويا بۇلبۇلغا ئوخشاتتى.
ئوماق تازىم قىلىپ قىزچاق كۆزلەردىن ژىراقلاشتى،
ئۇ سەھنە يۇلتۇزى كۆزدىن غايىپ بولدىدە قاچتى!
ـ تەسەددۇق، ئەي گۈزەل قىزچاق، ماھارىتىڭگە مىڭ ئالقىش،
سەنئەت بابىدا يەتكەن كامالىتىڭگە مىڭ ئالقىش! ـ
دېگەن ئىزگۇ تىلەك بىرلەن، تاماشا ئەھلى تارقالدى،
ھەممىنىڭ كوڭلىدە ئوتلۇق «ھەلىمە» دېگەن نام قالدى!

1949 ـ ژىل، ئاپرېل.

*) 1949 ـ ژىلى 8 ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 4 ژىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئازات 3 ۋىلايەتنىڭ سەنئەتچىلىرى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارگە ئويۇن كۆرسەتتى. شۇ چاغدا ساۋەن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىگى تەركىۋىدە كەلگەن ياش ئارتىسكا ھەلىمە قىز ئۆز ماھارىتى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلدى. بۇ شېئىر ئەينە شۇ قىزغا بېغىشلىنىپ يېزىلغان ئېدى.

ئاپتور.

# شائىر دوستۇمغا*)

شائىر دوستۇم، ساڭا يازدىم دوستلۇق مەسلىھەت،
مەسلىھەتىمنى ژۇرىكىڭدە ساقلارسەن ئەبەت،
شائىرلىق ـ بۇ دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك نام،
بىراق، ھەقىقى شائىر بولۇش ئەمەسدۇر ئاسان!
شائىرلىق ـ ئۇ بازاردىكى تىجارەت ئەمەس،
پادىشاغا قىلىدىغان خوشامەت ئەمەس.
شائىر دېمەك ـ ئادالەتىنىڭ جەڭچىسى دېمەك،
شائىر دېمەك ـ ھەقىقەتىنىڭ جارچىسى دېمەك!
بۈيۈك غايە، كۈرەشچان روھ، سۇنماس ئىرادە،
شائىر ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت، بۇ ئۈچ نىشانە.
مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئېنىق ئايرىماق،
ئەلنىڭ ژۈرەك مۇڭلىرىنى كۈيلەپ سايرىماق.
ئەي شائىرىم، بولاي دېسەڭ ئەلگە سۆيۈملۈك،
ئەۋەل بولغىن ۋەتەنپەرۋەر ئەلگە كۆيۈملۈك.
ژۈرىكىڭدە قۇياش بولۇپ يانسۇن مەسلىكىڭ،
شۇ مەسلەكتىن باشلانسۇن قەلەمكەشلىكىڭ.
ھەر ئەشئارىڭ خەلقىڭگە نۇر ماياك بولسۇن،
ئۇ دۈشمەنگە ئەجەللىك سىنارياد بولسۇن.
كەلسە خەلقىڭ بېشىغا قايغۇ ـ پالاكەت،
سەنمۇ كۈرەش مەيدانىدا بولغىن شۇ سائەت.
شېئىرلىرىڭ سىگنال بولۇپ ئەلنى ئويغاتسۇن،
ئۆلۈك تەنگە جان كىرگۈزۈپ، جەڭگە قوزغاتسۇن.
كۆزلىرىڭدىن ئوت چاقنىسۇن، قەلبىڭدىن لاۋا،
قەدىمىڭدىن يەر تىترىسۇن، قەھرىڭدىن ساما.
توم كىتاپلار ھەيۋەتلىك كالونىنا بولسۇن،
يەر جاھاننى گۈلدۈرلىتىپ، كۈرەشكە ماڭسۇن.
ھەر شېئىرىڭ جەڭچى بولۇپ جەڭگە ئېتىلسۇن،
دۈگەتلىرىڭ بومبا بولۇپ ياۋغا يېرىلسۇن!
كۇپلېتلىرىڭ گرانات بوپ دۈشمەننى قىرسۇن،
مىسرالىرىڭ ياۋ كوكسىگە قادىلىپ تۇرسۇن.
دۈشمىنىڭنى تار ـ مار قىلىپ جەڭدە ئەي سەرۋاز،
قايتقىنىڭدا شانلىق يېڭىش مارشلىرىنى ياز!
تېچلىقتا سەن ئەلنى باشلا ئىجات ـ ئەمگەككە
ئەمگەك قىلىپ يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرمەككە.
خوراپات ۋە جاھالەتكە پولات نەيزە ئۇر،
تەرەققىيات يۈرىشىدە دايىم ئالدا تۇر...
سېنىڭ شېئىر ـ داستانىڭدىن كۈچ ـ قۇۋەت ئېلىپ،
ئانا خەلقىڭ بەختتىن كۈلسۇن بىر قېنىپ...
شۇندا دوستۇم، ئەۋلاتلىرىڭ سېنى ياقلايدۇ،
شائىرىم ـ دەپ ژۈرىكىگە تېڭىپ ساقلايدۇ...
بۈگۈن ۋەتەن ئاسمىنىدا ياڭرىسا سازىڭ،
ئەۋلاتلارغا ئەلبۇم بولۇپ قالار ئاۋازىڭ!

*) مەن بۇ شېئىرنى 1949 ـ ژىلى يازدا، خىتاي كوممۇنىستلىرى كېلىش ھارپىسىدا يېزىپ، شائىر دوستۇم خېلىل ھەمرايېۋقا تەقدىم قىلغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ بىر ژىلدىن كېيىنلا خىتايغا خوشامەت قىلىپ «ئازات زامان» ناخشا تېكستىنى يازدى.

# گۈزەل تەلكە*)

ئاھ، بۇ ئىلى ۋادىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدىم،
ئارىدىن ئۈچ ژىل ئۆتۈپ، قايتۇردى مېنى تەغدىرىم.
ئاق ئىلاندەك سۇزۇلۇپ ياتار ئېدى ئىلى يولى،
سول يېقىمدا چۆل ئىدىر بار، ئوڭ يېقىم سايرام كۆلى.
سايرىمىم دولقۇن ئۇرۇپ، بىر توختىماي چايقىلۇر،
ئۇنىڭ ھەر - بىر دولقۇنىدىن نە قىسسىلەر ئاڭلىنۇر!
ئەتراپى بۈك باراقسان، يەرلىرى مۇنبەت ئۇنىڭ،
تاغلىرى بۈك قارىغايزار، يايلىغى - جەننەت ئۇنىڭ.
يايلىغىدا يېيىلىپ ژۈرگەن كۆپ چارۋا مېلى بار،
ئۇندا يايراپ ئوينىغان، ئۇيغۇرۇ - قازاق ئېلى بار،
ئالدىمىزدا مەغرۇپتىن مەشرۇققا سوزۇلۇپ،
تەلكە تېغى تۇرىدۇ ياپ - يېشىل ئورمان بولۇپ.
ئاق بۇلۇتلارنى سۈيۈپ تۇرماقتا يوكسەك چوققىلار،
يان باغرىدا يايرىشىپ ژۈرمەكتە ئارقار، بۇغىلار.
سېھىرلىق بىر مۆجىزىدەك كۆرۈنسە ئۇ يۇكسەكلىرى،
گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ ياتماقتا پەس ئېتەكلىرى.
تاغلىرىدا سايرىشىپ چاڭ كەلتۈرەر كەكلىك، ئۇلار،
سايلىرىدا شاقىراپ شوخ ئاقىدۇ زۇمرەت سۇلار.
ھەر چېچەك، ھەر - بىر گىياسى تۇيۇلىدۇ ئۆز بولۇپ،
مۆلدۈرلىگەن بۇلاقلىرى قارايدۇ مىڭ كۆز بولۇپ.
گۈلگە قونغان تامچىلار - خۇددى سىماپنىڭ دانىسى،
ساپ ھاۋا، سۈزۈك سۈيى - دەرتلىك ژۈرەكنىڭ دارىسى.
مەن قارايمەن تەلكىنىڭ گۈل ھۆسنىگە يېنىپ - يېنىپ،
يېتىۋالسام دەيمەن ئۇنى بىر كېچە باغاش ئېتىپ!
گۈزەل تەلكە سېنى كۆردۈم، ۋىسالىڭگە قانمىدىم،
بىر كېچە مېھمان بولۇپ قوينۇڭدا ھەم قالالمىدىم!
سەن مېنىڭ دۇنيادا تاپقان ئەڭ مۇقەددەس كۆرىكىم،
مەن كېلىپ كەتتىم لېكىن، قوينۇڭدا قالدى ژۈرىكىم!
ۋەتىنىمگە داڭقى كەتكەن گۈل - گۈلىستان تەلكە سەن،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى - پىردوسى ئەدنان بەلكى سەن!

مەن تەلكە داۋىنىدىن بىرىنچى قېتىم 1946 - ژىلى نويابىردا مىللىي ئارمىيەگە كېتىپ بارغاندا ئۆتكەن ئىدىم. ئىككىنچى قېتىم 1949 - ژىلى ئىيۇلدا ئىلىغا قايتقان ۋاختىمدا ئۆتتۈم. بىراق، بۇ قېتىم ئەركىن پۇخرا بولۇپ ئەمەس، «خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلمايمىز» -دەپ، سىياسىي تەشكىلات قۇرغانلىقىم ئۈچۈن، رازۋېت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ھۆقۇقسىز مەھبۇس ھالىتىدە ئۆتتۈم. تەلكىنىڭ ياكى كەگسايىنىڭ باغرىدا «بىر كېچە مېھمان بولالمىدىم» دېگەنىنىڭ سەۋەبى ئەينە شۇ.

## ئىلى شەنىگە ئۈچ شېئىر*)

### ئىلى

گۈل ماكانىدۇر ئىلى، گۈللەر ماكانىدۇر ئىلى،
ھۆر - ئازادە ياشىغان ئەرلەر ماكانىدۇر ئىلى،
خەلقىمىزنىڭ ئەجرى بىرلەن گۈللىگەن ئالتۇن ديار،
خۇش پېيىل، ئەمگەك سۆيەر، ئۇيغۇر ماكانىدۇر ئىلى،
ژىگىتلىرى ئارسلاندۇر، تاغنى ئالقان ئەتكىدەك،
قىزلىرى بەرنا سۆيەت، ھۆرلەر ماكانىدۇر ئىلى.
يېرى مۇنبەت، سۈيى زۇمرەت، ساپ ھاۋاسى باقۇۋەت،
باغرى كەڭ، قوينى ئاۋات، نۇرلەر ماكانىدۇر ئىلى...
ۋادىلىرى ياپ - يېشىل، ئېتىزلىرى سالا - سالا،
باغلىرى ئالما، ئۈرۈك، شەرۋەت شارابىدۇر ئىلى.
«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ھەمدە «بىلىم يۇرتى» بار،
مەرىپەت نۇرىن تاراتقان، تاڭ شەپەغىدۇر ئىلى.
ئىلىنىڭ ھەر لوغلى سازەندە، ھەر قىزى ئۇسسۇلچىدۇر،
ناخشا - كۈيلەر ياڭرىغان، سەنئەت سارايىدۇر ئىلى.
بۇ جاھاندا بارمىكىن، ئىلىدەك ئېسىل ماكان،
خەلقىمىزنىڭ ماختان ئەتكەن ئىپتىخارىدۇر ئىلى!
سېنى كۈيلەپ سايرىغاندى ئارزىمى - قاشىيلىرىڭ،
«ئۆچقۇن» كەبى شائىرلارنىڭ ئىلھام بۇلاغىدۇر ئىلى!

## گۈزەل ئىلى

ئۇيغۇرستان ــ يەر يۈزىنىڭ گۈلزار بىغى،
شۇ ئەلنىڭ بىر گۈلشىنى ــ گۈزەل ئىلى...
ئىلىخو ــ داڭقى كەتكەن ماكاندۇر بۇ،
دۇنيانىڭ جەننىتى ــ دەپ، بار تەرىپى!

ئىلىخو ــ ۋەتىنىمنىڭ بىر يايلىغى،
قوينىدا تولۇپ تاشقان يەر بايلىغى.
ياشايدۇ خەلقى ئىناق، ئۆم، پاراۋان،
قېرىنداش ــ ئۇيغۇر، قازاق بار ئايمىغى!

ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغى ــ ئاتىسىدۇر،
ئابرال، تەلكە ئۇنىڭ ئانىسىدۇر.
ئىككىسى بۆشۈگىنى تەۋرىتىدۇ،
شاماللار ــ ئۇنىڭ ئېيتقان ئەللىسىدۇر.

شەرقتە سولتان ۋەيىس مازارى بار،
غەربتە تۇغلۇق تۆمۈر ئاسارى بار.
قازانچى تاغلىرىدا، باياندايدا،
سادىرنىڭ قوشاق ئېيتقان سادارى بار!

ئىلىخو، ئىنقىلابنىڭ ئاستانى سەن،
خەلقىمنىڭ باراقسان گۈل بوستانى سەن.
تەرىپىڭنى ئېيتىشقا تىلىم يەتمەس،
شائىرلار قەلىمىنىڭ داستانى سەن.

كېلىمەن قۇچىغىڭغا قانات قېقىپ،
نى ئېغىر ژۇرۇشلەرنى باشتىن كېچىپ.
قارشى ئال ئوغلانىڭنى ئەزىز ئانام،
قاناي مەن، تۇپرىغىڭغا باغرىم يېقىپ.

ئەي ئىلى، ھۆرلەر ئېلى، نۇرلەر ئېلى،
ئەمگەكچان ھەم قەھرىمان ئەرلەر ئېلى،
ئۆس ھامان، ئۇرلە ھامان، گۈللە ھامان،
دۇنياغا داڭقىڭ كەتسۇن، گۈزەل ئىلى!

## ئىلىغا قايتىش

قايدىسەن ئەي، مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا يېرىم،
بارمۇسەن ئەي، مېھرى ئىسسىق دوستلىرىم، قەرداشلىرىم.
تېخى يادىمدا مېنىڭ، قوينۇڭدا ئۆتكەن ياشلىغىم،
مېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ، ياشنىغان كوڭۇل بېغىم.
سەندە مەن تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ــ چۈچۈگىنى تېتىدىم،
گاھى كۈلدۈم، گاھى چاغدا كوچىلاردا تېنىدىم...
چۈشسە بېشىمغا ئازاپلار، سەن مەدەت بەردىڭ ماڭا،
خۇددى مۇشېپىق ئانىدەك قانىتىڭ كەردىڭ ماڭا.
شۇ سەۋەپ تارتقان ئازاپلار ماڭا ھېچ كار قىلمىدى،
باللىق كۆڭلۈم سېنىڭ قوينىڭنى ئىنكار قىلمىدى...
يەنە يادىمدا، ئوقۇپ مەن تەربىيەتلەر ئالغىنىم،
بۇ ھاياتقا كۆز ئېچىپ دۇنياغا نەزەر سالغىنىم!
باش ئېگىپ تۇرماي قارا تەغدىرگە، تۇرمۇش زەربىگە،
مەن ئۆسۈپ يەتتىم گۆدەكلىكتىن ژىگىتلىك دەۋرىگە.
ئەي ئىلى، سېنىڭ مۇھەببەت يالقۇنىڭدىن نۇر ئېلىپ،
ئىشلىدىم مەن ياش گۆدەكلەرگە ئىلىمدىن سۇ بېرىپ.
يەنە يادىمدا مېنىڭ، تۇنجا مۇھەببەت يالقۇنى،
ژۇرىگىمنى كۆيدۈرۈپ، جىنىمغا ئازاپ سالغىنى...
مۇھەببەتنىڭ يۇشۇرۇن يالقۇنلىرىدا يانغىنىم،
تۇنجا سۈيۈش لەززىتىدە بىھۇش بولۇپ قالغىنىم...
ئېخ، ئۇ كۈنلەر ئۆمۈرۈمدە زەپ ئېسىل چاغلار ئىدى،
ياش ژۈرەككە ساپ مۇھەببەت رىشتىنى باغلار ئىدى...
قوغدىماققا سېنى ياۋدىن ئەي مېنىڭ ئەزىز ئىلىم،
ئاتلىنىپ كەتتىم سەپەرگە ئايرىلىپ سەندىن تېنىم.
گاھى جەڭدە، ئاھ ژۇرۇشتە، تاغ ــ دالانى چەيلىدىم،
نەدە ژۇرسەممۇ سېنى مەن سېغىنىپ ياد ئەيلىدىم!
ژىراقلاردىن قارىسام كۆرۈندى يۈكسەك تاغلىرىڭ،
ھەم ئېسىمگە چۈشتى سېنىڭ گۈل گۈلىستان باغلىرىڭ.
باغلىرىڭنى سېغىنىپ، كەلدىم سېنىڭ قوينۇڭغا مەن،
ئەي، ئانا يۇرتۇم مېنى قوينۇڭغا ئال مېھرىڭ بىلەن.
قارشى ئالغىن سەنمۇ ھەم ئەي ھۆرلىرىم، ئۇجماخلىرىم،
ئېرىسۇن، پۈتسۇن ژۈرەكتە قايغۇ ــ ھەسرەت داغلىرىم...



* ) ژۇقۇرىدىكى ئۈچ شېئىر ــ 1949 ــ ژىلى يازدا، مىللىي ئارمىيە سېپىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ۋاختىمدا يېزىلغان ھەم قولىيازمىلىرىم ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. ئاشۇ ژىللارنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن ــ دەپ توپلامغا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

## گۇل ۋە بۇلبۇل

*سۇبھى تاڭدىن دېرەك بېرىپ سۇزۇلدى ئاسمان،*
*كۆزلىرىنى چېمىلدىتىپ ئويغاندى چولپان.*
*قىزىل توگا ئەگلىن كىيىپ، كۇلۇپ چىقتى كۇن،*
*زەررىن تالا نۇرىنى چېچىپ، ئالەمگە پۇتۇن.*
*نۇرنى ئېمىپ قىزىلگۇللەر قىزاردى كەتتى،*
*يېشىل ـ يېشىل يوپۇرمىغى ياشاردى كەتتى.*
*يېشىل ياپراق ياشنارمىدى ياغمىسا يامغۇر،*
*يامغۇر بولۇپ چۈمىلمۇرمىسە ھەر سەھەردە نۇر.*
*نۇر نەدىدى، قۇياش چىقىپ تاڭلار ئاتمىسا،*
*تاڭ شامىلى ئەركىلىتىپ، گۇل ئويغاتمىسا،*
*سەھەر پەيتى بۇلبۇل كېلىپ باغلارغا قوندى،*
*ئىتەك باغرى بۇك باراقسان تاغلارغا قوندى.*
*باھار ئايىمۇ قارشى ئېلىپ ئاشىق بۇلبۇلنى،*
*ئېچىلدۇرۇپ بەردى ئاكا قىپ ـ قىزىل گۇلنى.*
*گۇلگە بېقىپ، بۇلبۇللار خۇش سايرىشىپ كەتتى،*
*ئۇنىڭ خۇشخۇي ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى...*
*تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولدۇم بىر،*
*ئاشىقلارنى مۇرادىغا يەتكۇزدى ئاخىر!*

## كۆكۈل

كۆكۇل ئۇ ـ گۇلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق،
گاھىدا قايغۇلۇق ئۇ، گاھى شاتلىق.
چۇشسىمۇ تاغدىن ئېغىر قايغۇ ـ ئەلەم،
چىدايدۇ كۆتىرىدۇ، ئۇ سوباتلىق.
بىرسىگە ئاشىق بولۇپ قالسا ئەگەر،
سىرىنى يوشۇرىدۇ، ئۇ ـ ئۇياتلىق.
ئەگەردە يەتسە يارنىڭ ۋىسالىغا،
پەلەككە پەرۋاز قىلار قوش قاناتلىق.
ۋاپادار دوستلارنى ئۇ قەدىرلەيدۇ،
خىيانەت قىلغانلارغا قەھرى قاتتىق.
خورلۇقنى، ھاقارەتنى كۆتەرمەس ئۇ،
رەنجىتكەن دوستىغىمۇ قىلار ياتلىق.
دوستلىرىم، شۇ كۆكۇلنى ئاسىراڭلار،
ئۇنىڭغا داغ چۇشمىسۇن زەررە قاتلىق!

1949 ـ يىل، ئىيۇل.

## لۆتۇن ئاكامغا مەرسىيە

قارا تۇندە قازا بولغان لۆتۇن ئاكامنى ئەسكە ئالدىم،
ۋاپاتىنى ئىشتكەندە، ئازاپلار ئوتىدا ياندىم.
لۆتۇن ئاكام، يېنىپ تۇرغان شئېرىيەت يۇلتۇزى ئەردى،
خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۆلمەس، كۇرەشچان ناخشىلار بەردى.
قارا تۇنلەردە ئەي شائىر، گويا چاقماق بولۇپ چاقتىڭ،
جاراڭلىق ناخشىلار بىرلەن، زۇلۇم تەختىگە ئوت ياقتىڭ!
ۋەتەن ئاسمىنىدا پارلاپ، نويابىر تېڭى ئاتقاندا،
چاڭىلداپ سايرىدىڭ شائىر ئاقسۇ بويىدا ئارماندا.
«كۆرۇپ روشەن بۇجەكلەرنى، تىلەپ ئالى تىلەكلەرنى»، ـ
كۇرەشچان ناخشىلار بىلەن ئوخاتتىڭ ئۇخلىغان ئەلنى.
«تۇن يېرىپ ئىز باسقاندا» ھەم «داۋانلار ئاشقاندا»،
ئىجادىڭ بىرلە خەلقىڭگە كۇرەشچان تۇيغۇ چاچقاندا،
چىدالماي قۇترىغان دۇشمەن، ساڭا قاتىل قولىن سۇندى،
ئەزىز بېشىڭغا بىمەزگىل ئەجەل قۇشى كېلىپ قوندى!
تېخى سەن ياش ئىدىڭ شائىر، ۋىگىرمە ئۇچتىدى ياشىڭ،
ۋىگىرمە ئۇچ يېشىڭدا نېمە سەۋدا كۆرمىدى باشىڭ!؟
قارا زىنداندا ئىچىدە ھەم رەقىپكە ھۇرپىيىپ تۇردۇڭ
غەزەپلىك نۇتقىڭ بىلەن ياۋۇز كۆكسىگە تىغ ئۇردۇڭ!
ئۆزەڭ كەتتىڭ پىغان بىرلە، ئۇمىت ـ ئارمانلىرىڭ قالدى،
ئۇمىت يۇلتۇزلىرى چاقناپ، شئېر ـ داستانلىرىڭ قالدى.
كۇرەش بىرلەن ياراتتۇق بىز، ئازات ـ ئەركىن زامانىڭنى،
قىزىل گۇللەرگە پۇركىۋەتتۇق، غازاڭ بولغان باھارىڭنى.
لېكىن ئەپسۇس ئۆزەڭ بولماسمىدىڭ ئۇشبۇ چېلىشلاردا،
«قاينام ئۆركىشىڭ» ئۇرماسمىدىڭ شانلىق يېڭىشلاردا...
باھاردا سايرىغان ئازات ئۇنىڭنى ئاڭلىساق، كاشكى،
ئازات كۇنلەردە سەن بىلەن بىللە يايرىساق، كاشكى...
تىنىچ يات قەبرىدە شائىر، ئىجادىڭ ئەلنى باشلايدۇ،
سېنىڭ ئەۋلاتلىرىڭ بارچە زۇلۇمنى سۇرۇپ تاشلايدۇ.
خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس «لۆتۇن» دېگەن نامىڭ بار،
دېمەك، تارىخ بېتىدە ياندۇرۇپ قويغان چىراغىڭ بار!

1949 ـ يىل، سېنتەبىر.

# غەزەللەر

## سەنئەتنى سۆي

سەن ۋەتەننىڭ ئوغلى بولساڭ، ئەلنى سۆي، ئەۋلاتنى سۆي،
خەلقىمىزنىڭ دىلبىرى ـ جانانىسى سەنئەتنى سۆي.
مىللىي سەنئەت بولمىسا، دەرتلىك كۆڭۈللەر يايرىماس،
ناخشا، ئۇسسۇل، كۈي، مۇقام، ساز بىلەن مەشرەپنى سۆي.
ناخشا، ئۇسسۇل،كۈي، مۇقامنىڭ كانىدۇر بىزنىڭ ۋەتەن،
خەلقى ئالەم ئالدىدا ماختانغىدەك شۆھرەتنى سۆي.
سايرىغان ساز، كۈيلىگەن كۈي تەۋرىتەر ئەل قەلبىنى،
ۋۇرىگە ئوتنى ياققان خۇش ناۋا ـ ئۇششاقنى سۆي.
سەھنىگە چىققاندا دەققاس، گاھ ئۇچار، گاھ تولغىنار،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن شۇ دىلرابا ھەرىكەتنى سۆي.
تاڭ قالار رەسسام ياراتقان رەسىمنى كۆرسە كىشى،
مۆجىزە ياراتقۇچى، رەسسامدىكى قۇدرەتنى سۆي...
ئوت ۋۇرەكلەر بولمىسا، ئوتلۇق غەزەل قايدىن كېلۇر؟
ئەل دىلىغا ئوتنى ياققان شائىرى خىزمەتنى سۆي!

---

## بۇلبۇلۇم *)

*سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ، سايراش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم،*
*ھۆر ـ ئازات باغلار ئارا، يايراش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم.*
*نەۋ باھار كەلدى، بېغىڭدا گۇللىرىڭ ئاتتى چېچەك،*
*گۇل ـ چېچەكنى مەدھىلەپ، كۈيلەش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم.*
*ھەر سەھەر بەس ـ بەس بىلەن سايرايدۇ ئەل بۇلبۇللىرى،*
*سەنمۇ ئۆز ناخشاڭ بىلەن قايناش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم!*
*ساپ ھاۋا، سالقىن شاماللىق، گۇلئۇزار باغلار ئارا،*
*كۈي بولۇپ، ناخشا بولۇپ، ياڭراش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم.*
*ۋەتەننىڭ ـ گوياكى جەننەت، قىزلىرى خۇددى پەرى،*
*شۇ گۈزەللەرنى سۆيۈپ ئويناش چېغىڭدۇر، بۇلبۇلۇم!*

* ئازات ۋەتەندىكى شائىر دوستلارغا بېغىشلىنىدۇ.

---

## بورۇن

دوستلىرىم، يۇرت قەدرىنى بىل، ئايرىلماستىن بۇرۇن،
كۆك يېرىپ ئۇچقان قاناتىڭ قايرىلماستىن بۇرۇن.
ئاتا ـ ئاناڭ ـ مېھمىنىڭ، ئۇ كەتسە كەلمەيدۇ يېنىپ،
رازى قىل، دۇئاسىنى ئال، كۆز يۇمۇلماستىن بۇرۇن!
سۆيگىنىڭ ـ ئالتۇن نىگارىڭ، بىر ئۆمۈر دوستۇڭ سېنىڭ،
سەن ئۇنىڭ كوڭلىنى ئالغىن رەنجى ئالماستىن بۇرۇن.
بالىلىرىڭ ـ باغىنىڭ گۇلىدۇر، سەن ئۇنىڭ باغۋەنى سەن،
گۇللىرىڭنى ئاسرىغىن، بەرگى سولاشماستىن بۇرۇن.
دوستسىز ئۆتمە جاھاندا، دوست بىلەن دۇنيا گۈزەل،
دوستلىرىڭنى ئايىغىن، كۆڭلى قالماستىن بۇرۇن!
بۇ ھايات، بىلگەن كىشىگە ئالتە كۈنلۈك مەركىدۇر،
شۇ مەركىدە ئويىنۋالغىن، توي تارالماستىن بۇرۇن!

## كېلۇر

دوستلىرىم، ئىنسانغا راھەت ـ ئەجرى مېھنەتتىن كېلۇر،
ھەر كىشىنىڭ ھۆرمىتى ـ ممللەتكە خىزمەتتىن كېلۇر.
بەخىت ـ تەلەي ئاچقۇچى ـ ئادەمنىڭ ئۆز ئىلكىدىدۇر،
توغرا يول، ئادىل نىيەت، كۆركەم پەزىلەتتىن كېلۇر.
يارسىز ئۆتمە جاھاندا، ياخشىلارنىڭ يارى بول،
خۇش ھايات، شېرىن ئۆمۈر، ئىشقى ـ مۇھەببەتتىن كېلۇر.
ھەر بالا كۆرمەي دېسەڭ، نا ئەھلىلەردىن نېرى بول،
يالا ـ تۆھمەتلەر ئەشۇ نا ئەھلى ئىلپەتتىن كېلۇر.
تاغ كۆتەرمەس قايغۇلارنى كۆتىرەر ئاسىل كىشى،
بۇ سۈپەتلەر ئالى روھ، سۇنماس ماتانەتتىن كېلۇر.
ياشلىغىڭدا ئىلىمنى سۆي، سەن ئۇنىڭ ئاشناسى بول،
ئالى ئىنئانلار ئەشۇ ئىلمۇ ـ ھېكمەتتىن كېلۇر!
خارلىق كۆرمەي دېسەڭ، ئەتراپقا بېقىپ باس ئاياق،
سوڭ پۇشايمانلار پەقەت، ئەۋۋەلكى غەپلەتتىن كېلۇر.
ئەي ئۇچقۇن، قاچقىن ياماندىن، ياخشىلىقنى ئىزدىگىن،
ھەممە شۆھرەتلەر ئەشۇ ئىنسانى خىسلەتتىن كېلۇر!

---

## ئىلھام پەرىسگە

*ئەي، گۈزەل ئىلھام پەرىسى، يار قىلىۋالدىڭ سەن مېنى،*
*شئېرىيەت دامىغا سەييادقىلىۋالدىڭ سەن مېنى.*
*ئوتقا سالسا كۆيمەس ئىدىم، كۆيدۈم ئىشقىڭ ئوتىدا،*
*خۇددى بىر پەرۋانىدەك خۇشتار قىلىۋالدىڭ سەن مېنى.*
*ھەم ئازاپلىق ھەم شېرىن يالقۇن ئىكەن ئىشقىڭ سېنىڭ،*
*بىر ئۆمۈرلۈك ئاشىغۇ ـ دىلدار قىلىۋالدىڭ سەن مېنى.*
*مەن سېنى سۆيدۈم، بىراق، ھېچ لەززىتىڭگە قانمىدىم،*
*سۆيسە ـ سۆيسە قانمىغان خۇممار قىلىۋالدىڭ سەن مېنى.*
*سەن كەبى جانانغا ئاشىق بولغىنىمغا رازى مەن،*
*شائىرلىق بەختى بىلەن خۇشھال قىلىۋالدىڭ سەن مېنى!*

---

## ياغۇر

يازغى تاڭ، يەرنىڭ يۈزىگە ئەرشىدىن چەشمە ياغۇر،
تامچە ـ تامچە سۇ بولۇپ، تەگرىدىن رەخمەت ياغۇر.
خالىقۇ ـ راززاقلىقى ئۇشبۇ ئەمەسمۇ تەگرىنىڭ،
جۇملە زىجان رىزقىغا تۈگمەس بەرىكەت ياغۇر!
كەلدى كەلكۈن، تاشتى تاشقىن، سۇغا تولدى ساي ـ سالا،
بۇ تەبىئەت قۇدرىتىگە تۈگمەس ھەسنەت ياغۇر.
سۈنى باشلاپ، چۆلنى بوستان ئەيلىدى دىخان قولى،
چۆلنى بوستان ئەيلىگەن دىخانغا مىڭ ھۆرمەت ياغۇر!

1949 ـ ژىل، ياز.

# ۋەتەن ھەققىدە ناخشىلار

(تۇركسۇم)

1

سەن تارتتىڭ زوقىمنى ئەي گۈزەل ۋەتەن،
ئەڭ گۈزەل ناخشىلارنى ئاتىدىم ساڭا...
دۇنيادا سېنىڭدەك دىلدار بارمىكىن،
مېنىڭ ئاشىق جېنىمغا، يورۇق دۇنيادا؟!

بەختلەر قايىنىغان ئازات ۋەتەندە،
ياشنىغان دىللارغا قوۋانچ پاتمايدۇ...
چىمەنلەر ھۆسنىگە مەدھىيە ئوقۇپ،
ئاق ئايدىڭ تۈنلەردە بۇلبۇل ياتمايدۇ...

مۇھەببەت تاغلىرىڭ كوككە تاقاشقان،
مېھىر دەريالىرىڭ ئاقىدۇ قايناپ...
قۇياش نۇرىن تۆككەن ئازات باغرىڭدا،
مۇرات شۇڭقارلىرى قاقىدۇ قانات!

ۋەتىنىڭ ئەركىنلىكى — ماڭا بەك قىممەت،
ئۇنىڭ گۈل ھۆسنىدە جەننەت نامايان...
مۇنەۋۋەر كەلگۈسىنى ئويلىسام ئەگەر،
ۋۇرەككە سىغمايدۇ سۆيۈنچ — ھاياجان!

ئېلىمنىڭ كۆركەملىكى ماڭا قەدىرلىك،
شۇ كۆركىدە يارىمنىڭ گۈزەللىگى بار.
ھەر تاڭدا چېچەكلەر پورەك ئاتقاندا،
مېنىڭمۇ قەلبىمدە گۈللەيدۇ باھار...

2

ۋەتەن! — دەپ باشلىدىم باتۇر ناخشىلار،
ۋەتەندۇر ماڭا تىل، ئۇتلۇق ئۈن بەرگەن.
ۋەتەنگە بېغىشلىدىم، بار بېساتىمنى،
ئۇ ماڭا ھايات ۋە شات ئۆمۈر بەرگەن!

ۋەتىنىڭ تۇپرىغى — تېنىمدەك ئەزىز،
تېنىممۇ شۇ تۇپراقنىڭ ئۆز پارچىسى...
ئۇنىڭ ساپ سۇلىرى قېنىمدەك ئەزىز،
قېنىممۇ شۇ سۇلارنىڭ نەق تامچىسى...

ۋەتىنىڭ ئىززىتى — كۆز قارچۇغۇمدۇر،
مەن ئۇنى ساقلىغان بىر كىرپىك ھامان...
مۇبادا، ئاڭا قونسا زەررىچە ئىللەت،
ياش بولۇپ ئاققۇزۇشقا تەييار ھەر قاچان!

ۋەتىنىڭ تەقدىرى — مېنىڭ تەقدىرىم،
دەردىگە ۋىغلايمەن، بەختىگە كۈلىمەن...
مەيلى، ۋەتەن يولىدا بولسامۇ قۇربان،
ئەتلا چېچەك بولۇپ قايتا ئۈنىمەن!

شۇڭا مەن سۆيىمەن، ئانا يۇرتۇمنى،
رۇس پۈشكىنى، تاتارنىڭ توقايېۋىدەك!
شىئېرىم بىلەن ۋەتەنگە قانات يايىمەن،
ئاسمان گۈمبىزىدىكى سامان يولىدەك!

ۋۇرەكنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىنى،
ئىپادە ئېتىشكە ئاجىزدۇر قەلەم...
ئاھ، يېزىپ بېرەر ئىدىم، يازالسام ئەگەر،
قانلىرىمنى سىيا قىلىپ، جان تىلىم بىلەن...

3

ۋەتەن ئۆچۈن! — قەسەم يادلاپ جەڭگە كىردۇق،
ۋەتەن سۆيۈش — بىزنىڭ ئۇدۇم ئادىتىمىز...
ئۆز ئېلىنى دۈشمەنلەردىن ساقلاپ كەلگەن،
شۇ كۆرەشچان ئەجداتلارنىڭ ئەۋلادى بىز!

تاڭ ئاتتى، ساڭمۇ بۇ كۆرەش پەيتى،
ئەي، ياۋلار پەنجىسىدە مەھكۇم ۋەتەن...
ساڭا سادىق بولغان ھەر ئوغۇل — قىزنىڭ،
مەيدانلارغا كىرەر سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن.

ئەي، ۋەتەن، كۆكلۈنىڭ پاك دىيارىدا،
شاھ ھۆكىمىڭنى سۇرەلگەن پەقەت ئۆزەڭ.
خورلىغىڭنى ھۆر كۆڭۈلەرگە ئالماشتۇردۇق،
نى قەھرىمان باللىرىڭنىڭ قېنى بىلەن!

بىز ۋەتىنىڭ ئەركى بىلەن بەختلىك بىز،
ئانا يۇرتنىڭ ئازاتلىغى بىزگە قىممەت.
بىزدە سۆرئەت، بىزدە جۈرئەت، بىزدە غەيرەت،
بىزدە ياۋغا قەھرى غەززەپ، دوستقا ھىممەت!

4

ۋەتەن! — دېسەم، ئىلھام كېلەر ئالامەت،
بىر شىئېرغا تېتىغىدەك ھەر سۆزى...
مىسرالارغا ئاتتى تالاي كۆز نۇرۇم،
ھەر چېكىتى — ئىشقىمنىڭ بىر يۇلتۇزى...

ئىلھام بەردى، ۋەتىنىڭ گۈل باغلىرى،
دەريالىرى، دالالىرى، تاغلىرى...
ئىلھام بەردى، خەلقىمدىكى ھۆر ھايات،
سائادەتلىك، ئەركىن — ئازات چاغلىرى...

مەن ۋەتەنىنىڭ ئەركە ئۆسكەن ئوغلى مەن،
گۈللەر ئارا سايرىغان بۇلبۇلى مەن...
ناخشام بىلەن خەلقىمنى خۇش قىلمىسام،
مەن قانداقمۇ شائىرئوغۇل بولىمەن؟!

ۋەتەن سۆيگەن ئەرلەرنى مەن سۆيۈمەن،
خائىنلارغا نەپرەتلىنىپ ۋۇرىمەن...
ئۆمۈر بويى شۇ خىسلەتتە ياشىدىم،
ئۆلگەندىمۇ شۇ خىسلەتتە ئۆلىمەن!

## 5

ھەر تاڭدا ۋەتەنىنىڭ كۆكىگە قاراپ،
بەس ـ بەسكە چاقنىرار چولپاننى كۆزۈم...
جامالىن كۆز ـ كۆز قىپ قۇياش چىققاندا،
بەس ـ بەسكە چاقنىرار قۇياشنى يۈزۈم.

چولپان ئۆچتى يېڭىلىپ، ياناق كۆزۈمدىن،
قۇياش مۆكتى ئۈيۈلۈپ قۇۋناق يۈزۈمدىن...
ماڭا مۇنچە ئۆتكۈر كۆز، قۇۋناق يۈز بەرگەن،
شۇ ئازات ۋەتەنىنىڭ مېھرىدۇ بەلكىم!

ۋەتەندىن ئارتۇغىراق جەننەت بارمىكىن،
ھۆر ياشاپ ئۆتكىلى ئىنسان ئۆمرىدە؟..
شۇڭلاشقا ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇق مېھرىنى،
قىياسلاش مۇمكىن پەقەت ئانا مېھرىگە!

## 6

دوستلىرىم، ۋىللار ئۆتەر، ياشلىقىمىز پۈتەر،
ۋالېكىن ئۆچمەس بىزنىڭ ۋۇرەك ئوتىمىز.
ئەسىرلەر كۆكىدە نۇر ـ ماياك بولۇپ،
نۇر چېچىپ تۇرغۇسى مۇھەببىتىمىز!

ھاياتتا بىز ھەرگىز غازاڭ بولمايمىز،
قەلبىمىز ـ مەڭگۈگە ياشنىغان باھار.
مەڭگۈلۈك باھارنى بىزگە بەخش ئەتكەن،
جانىجان خەلقىمنىڭ مۇھەببىتى بار.

ھە، شۇنداق، قەلبىمىز بىزنىڭ بىر قۇياش،
ھەر دەمدە سۈزۈلۈپ تاڭلار ئاتىدۇ.
شۇ تاڭدىن تارالغان ئالتۇن شولىلار،
بەختىمىز نۇرىغا نۇرلار قاتىدۇ!

1949 ـ ۋىل، سېنتەبىر.



# ئازات ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

مېنىڭ ئازات ۋەتىنىم ـ كۆز ئالىدەك سەرۋەر ماڭا،
داڭقىنى، شان ـ شۆھرىتىنى ماختىسام مۇنبەر ماڭا.
بۇندا تۇغۇلۇپ، بۇندا ئۆستۈم، بۇندىدۇر بەختىم مېنىڭ،
بۇ مېنىڭ تۇققان ماكانىم، ئەڭ مۇقەددەس يەر ماڭا.
يۇرتلىرىنىڭ ھەر بىرى جەننەتكە ئوخشاش ھۆسنىدار،
ساپ ھاۋاسى ـ دەرتكە دەرمان، سۇلىرى كەۋسەر ماڭا.
كۆزگە ئىسسىق كۆرىنىدۇ تاغلىرى، ئورمانلىرى،
ھەر تېشى، ھەر بىر گىياسى ـ بىباھا گۆھەر ماڭا...
جەڭ قىلىپ ئازاتلىق ئالغان قەھرىمانە خەلقى بار،
جەڭگە كىرگەن ھەر ئوغۇل ـ قىز چىن ۋەتەنپەرۋەر ماڭا.
ئىناق ـ ئىجىل ياشاۋاتقان ئون ئۈچ مىللەت خەلقى بار،
بۇ خەلقلەر ھەممىسى ئۆز، ھەممىسى دىلبەر ماڭا.
ۋەتىنىمدە چىققى چولپان، ئاتتى نويابىر تېڭى،
ئاشۇ تاڭدىن كەلدى پارلاق، بەختىيار كۈنلەر ماڭا.
بەختىيار ئۆمرۈمنى كۈيلەپ، سايرىسام شامۇ ـ سەھەر،
زوق بىلەن، ھەۋەس بىلەن قارىماس كىملەر ماڭا؟
ئەي ۋەتەن، قوينۇڭدا ئۆتكەن ئۆمرىمگە رازى مەن،
سېنى سۆيۈپ ياشىماقلىق ـ زور سائادەتلەر ماڭا!

1949 ـ ۋىل، ئۆكتەبىر.

# ئايرىلدىم

تۇيۇقسىز شوم خەۋەر كەلدى، دىل ئارامىمدىن ئايرىلدىم،
تۆكۈلدى ياش، ئېگىلدى باش، شېرىن ئانىمدىن ئايرىلدىم.
گويا تۈننى يورۇتقان ماھى تابانىمدىن ئايرىلدىم،
قارا بەختىمنى ئاق قىلغان يورۇق تاڭىمدىن ئايرىلدىم!

دەرىخا، نېمە تەغدىر بۇ، يېنىپ تۇرغان قۇياش ئۆچتى،
ۋەتەن ئاسمانىدا يانغان يۇلتۇزلار ئېقىپ چۈشتى.
پەلەكنىڭ كاۋلىغىمۇ بۇ، ئىشەنگەن تاغلىرىم كۆچتى؟
ژۇرەكتە پارلىغان ئۈمىت ـ ئارمانىمدىن ئايرىلدىم!

خەلىق رەھبىرى ئەخمەتجان ـ ۋەتەنگە پاسبان ئەردى،
رەقىپكە قەھرى غەزەپلىك، خەلىققە مېھرىۋان ئەردى.
خەلىق بەختى ئۈچۈن جەڭدە ئايانماي جېنىنى بەردى،
سۆيۈملۈك داھى ئەخمەتجان ـ دانارىمدىن ئايرىلدىم!

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ژىگىرمە توققۇز ياش ئەردى،
ئۆزى ياش بولغىنى بىرلەن ئۇلۇق ئىشلارغا باش ئەردى.
ئۇنىڭ قەلبى مۇھەببەتتە يېنىپ تۇرغان قۇياش ئەردى،
ئابباسوۋتەك ئۇستازۇ ـ قەدىردانىمدىن ئايرىلدىم!

ۋەتەندە ئىنقىلاپ جەڭلەر قايناپ ـ تېشىپ تۇرغاندا،
تۇمەنمىڭ قەھرىمان ئەرلەر كۈرەشكە ئۆزىنى ئۇرغاندا.
رەقىپنى تارۇ ـ مار ئەتكەن، بېرىپ جەڭلەردە كوماندا،
چىۋەر قولباشچى ئىسھاقبەك، قۇماندانىمدىن ئايرىلدىم!

ئەزەلدىن ياۋغا باش ئەگمەس ئېلىمنىڭ قالقىنى ئالتاي،
كۈرەشتە خەلقىمىزگە باش پانا بولغان مۇقەددەس جاي.
شۇ جايدىن چىقتى باتۇرلار، قەھرىمان خىسلىتىگە باي،
ئالتاي بۈركىتى نامىلىق دەلىلخانىمدىن ئايرىلدىم!

ۋەتەننىڭ ئىشقىدا سايراپ، سەھەرلەردە ناۋا قىلغان،
ناۋاسى بىرلە دەرتمەنلەر ژۇرەكىگە داۋا قىلغان.
ئازات كۈننى كۆرەلمەستىن، قاناتى قايرىلىپ سۇنغان،
ئابدۇرىشىت ئىمىنوۋتەك غەزەلخانىمدىن ئايرىلدىم!

ئايا دوستلار، جۇدالىق دەردىدە ژىغلاپ نىدا قىلدىم،
قولۇمغا قارىلىق باغلاپ، موسىبەتتە ھازا قىلدىم.
جۇدالىق خەنجىرى بىرلەن، يۇرەك ـ باغرىم يارا قىلدىم،
قولۇمدىن ئامىتىم كەتتى، سەمەنگاھىمدىن ئايرىلدىم!

كېلىڭ دوستلار ژىغلايلى، بۇگۇن بىزگە نادامەتدۇر،
قەدىردانلاردىن ئايرىلدۇق، بۇ بىزلەرگە قىيامەتدۇر.
قۇياشتىن ئايرىلىپ قالدۇق، كېلەر كۈنلەر جاھالەتدۇر،
ۋەتەندە نۇرلىنىپ ئاتقان يورۇق تاڭىمدىن ئايرىلدىم!

1949 ـ ژىل، ئۆكتەبىر.

# ئەخمەتجانغا مەرسىيە

ئۆكتەبىرنىڭ سۇرلۇك بىر ئاخشىمى ئىدى،
خۇددى چاقماق چاققاندەك بىر خەۋەر كەلدى.
رادىئودا دىكتورنىڭ بوغۇق ئاۋازى:
– «قىرىنداشلار، قايغۇلۇق بۇ خەۋەر» – دەتتى!

– يەنە نېمە خەۋەردۇ، شۇنچە قايغۇلۇق،
يا، پەلەكتە پارلىغان قۇياش كۆچتىمۇ؟
ياكى خەلق سۆيگەن بىر ئۇلۇق ئىنساننىڭ،
ژۇرىكىدە ھاياتلىق ئوتى ئۆچتىمۇ؟!

– ئەخمەتجان قازا بوپتو! – ئوت ياندى كۆزلەر،
ۋۇجۇتلار سىلكىندى، يالقۇنلاندى قان!
– ياق، ئەخمەتجان ئۆلمەيدۇ!
ئۆلدى – دېمەڭلار،
بۇ سۆزنى كۆتىرە ئالمايدۇ ۋىجدان!

يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان قايناق كۆكسۈلگە،
موسىبەت مۇزىنى تاشلاپ ئۆتتى تەبىئەت.
مىللىونلار قوشۇمىسى تۈرۈلدى بىردىن،
قارىلىق بايراقلار ئېگىلدى شۇ پەيت!

ئالتايدىن كوئىنلۇن تاغلىرىغىچە،
«ئاتام!» دەپ ژىغلىدى بەش مىللىون ئۇيغۇر.
ئىلى، تارىم سۇلىرى قىرغاققا تېشىپ،
تەڭرىتاغ بېشىنى ئەگدى بېماغدۇر!

ماتەم ياشلىرىڭنى تۆكۈپ ژىغلا، ئەي خەلقىم،
ئەخمەتجاننى مەڭگۈگە ئۇزاتتىڭ بۈگۈن!
ۋەتەندە ئازاتلىقنىڭ تۇغىنى كۆتەرگەن،
ئىنقىلاپ داھىسىنى يوقاتتىڭ بۈگۈن!

كىم ئىدى، ئېلىمنى باسقاندا زۇلمەت،
زۇلۇمنىڭ زەنجىرىنى پاچاقلاپ چاققان؟
كىم ئىدى، ئېزىلگەن ئەلنىڭ قەلبىگە،
ئۇمىتنىڭ ئۆچمەس نۇر شامىنى ياققان؟

كىم ئىدى، باسقۇنچىنىڭ سىرىنى ئېچىپ،
مەككارنىڭ ھىلىسىگە تەقابىل تۇرغان؟
كىم ئىدى خەلقىمنىڭ ئەركىنى قوغداپ،
دۇشمەننىڭ قەستىگە پەشۋا ئۇرغان!

ئۇ ئىدىغۇ، قەدىردان داھى – ئەخمەتجان،
خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئەزىز پەرزەندى...
ئۇ قىسقا ئۆمرىدە سەكپارە بولۇپ،
بىچارە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غېمىنى يىدى!

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئەي ۋەتەن كۆكىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى،
تارىختا يوقالماس بىر ئىز سالدىڭ سەن...
ئازاتلىق تېگىنىڭ چولپىنى بولۇپ،
مىللىونلار قەلبىدە ئورۇن ئالدىڭ سەن!

سېنىڭ ھەر ئىشارەڭ، بىزگە كوماندا،
ھەر سۆزۈڭ ساقلىنار ئەس – يادىمىزدا...
سېنىڭ ئالتۇن كىتاۋىڭ – ئۇتلۇق خىتاۋىڭ،
ماياك بولۇپ ياندۇ ئىقبالىمىزدا!

قەسەم ساڭا، تىنىچ ياتقىن، ئەي ئېسىل ئىنسان،
سەن كۆرسەتكەن زامانغا چوقۇم يېتىمىز...
يۇرتىمىزنى بېزەندۇرۇپ، باھارىڭ بىلەن،
ھاياتلىقنى گۈللىتىمىز، گۈلباغ ئېتىمىز!

1949 – ژىل، ئۆكتەبىر.